

مۇھەممەتجان راشىدىن

# جاھان دېگەن يالغان شۇنداق

مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى: نۇرمۇھەممەد ئۆمەر ئۇچقۇن



ISBN 978-7-105-09801-9
9 787105 098019 >
定价：15.00元



مۇھەممەتجان راشىدىن

# جاھان دېگەن بىر يالغان شۇنداق

مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىڭ

uyghurkitap.com

图书在版编目(CIP)数据

岁月如歌：维吾尔文/买买提江·热西丁著．一北京：民族出版社，2008.12
ISBN 978-7-105-09801-9

Ⅰ.岁… Ⅱ.买… Ⅲ.诗歌—作品集—中国—当代—维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.I227

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2008)第 204244 号

出版发行：民族出版社　http://www.mzcbs.com.
社　　址：北京市和平里北街 14 号　邮编：100013
电　　话：010-64290862（维文室）
印　　刷：北京迪鑫印刷厂印刷
版　　次：2009 年 1 月第 1 版　2009 年 1 月北京第 1 次印刷
开　　本：850×1168 毫米 32 开
印　　张：9.375
印　　数：0001-4000
定　　价：15.00 元

ISBN 978-7-105-09801-9/I·2013（维 286）

مەسئۇل مۇھەررىر
: ياقۇپ مۇھەممەتروزى
مەسئۇل كوررېكتور

مۇھەممەتجان راشدىن

# جاھان دېگەن يارالغان شۇنداق

## (شېئىرلار)


| | | |
|---|---|---|
| نەشر قىلغۇچى | : | مىللەتلەر نەشرىياتى |
| ئادرېسى | : | بېيجىڭ شەھىرى خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14 - قورۇ |
| پوچتا نومۇرى | : | 100013 |
| تېلېفون نومۇرى | : | 010—64290862 |
| ساتقۇچى | : | جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى |
| باسقۇچى | : | بېيجىڭ دىشىن باسما زاۋۇتى |
| نەشرى | : | 2009 - يىل1 - ئايدا 1 - قېتىم نەشر قىلىندى |
| بېسىلىشى | : | 2009 - يىل 1 - ئايدا بېيجىڭدا 1 - قېتىم بېسىلدى |
| ئۆلچىمى | : | 1168×850 م م. 32 كەسلەم |
| باسما تاۋىقى | : | 9.375 |
| سانى | : | 0001 - 4000 |
| باھاسى | | 15.00 يۈەن |

ISBN 978-7-105-09801-9/I・2013（维286）

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىچى ئادرېسى

# مۇندەرىجە

ئىنسان دېگەن ساپ ئالتۇن ئەمەس........................................1
شەھەرلىكلەر، سەھرالارغا بېرىپ كېلىڭلار........................................3
ئىككى غەزەل........................................5
مېنىڭ كۆڭلۈم........................................7
سەھرالىرىم........................................9
شەھەرلەر........................................13
ياخشىلار........................................15
كېلەلمىسەڭ يالغۇز ئۆتەرمەن........................................16
سالام خېتى سۆيگۈنىڭ........................................19
ھالاك قىلدىڭ ھايانى........................................21
باشلىغىلى بولسىدى يېڭىۋاشتىن ياشلىقنى........................................24
مېيىپلىق بەلكىم بىرگە بىر سىناق........................................28
قەلەمكەش بولۇپ قاپتۇ قىزلىرىمىز........................................30
سەن پەرىشتە بولمىساڭ ئەگەر........................................33
قىزىقى يوق ياشلىق كەتكەن ئۆمۈرنىڭ........................................34
بارچىمىزدە بىر جانىنىڭ غېمى........................................36
ئۇنتۇمايلى دېھقاننى........................................39
يىللار ئارا........................................42
سېنى كۆرگەن چۈشۈم ياخشىكەن........................................46
سىياقىڭ زايە بولمامدۇ........................................47
كوچىلارغا چىقما، ئەزىزىم........................................48
روزى سايىت تۇتقان قەلەم قولۇمدا........................................50
ئەركىلىكنى كۆتۈرمەس دۇنيا........................................55

ئايرىلسام كۈتتۈڭ.......... 57
بۇ ھاياتقا كۆلكە بىلەن غەشلىك نۆۋەتچى.......... 58
ئېتىرلارنى سۆيمەكچىمەن سېنى سۆيگەندەك.......... 60
بىرى چايدۇر، بىرى قەنت-ناۋات.......... 62
بۇلبۇل كەپتۇ بىزنىڭ باغقىمۇ.......... 65
ئۇيغۇر تائاملىرى.......... 67
مۇھەببەتمۇ پەرۋىشكە موھتاج.......... 70
ھەر كۈن.......... 73
يارالدى بىر مۆجىزە مۇھەببەتتە.......... 75
باشلىنار قۇتلۇق ئىشىم سەھەرلەردىن.......... 77
ياخشى بولساڭ.......... 80
ئالتۇن ساقا ئويىنغان بالا.......... 82
توققۇزى تەل تاغلاردۇر تەلكە تاغلىرى.......... 85
تۆھپىكار قانچە بولسا، سەنچە بولار.......... 88
ھەر كۈندىن ئىزدىگىنىم ياخشىلىقتۇر.......... 91
ھەر ئىككىمىز تەڭ ئاداشقان ئىكەنمىز.......... 95
تۇغقانلار.......... 98
كۆڭلۈم.......... 100
گۈل ۋە كېپىنەك.......... 103
قەيسەر قىزغا قەسىدە.......... 105
تىكەنسىز گۈللەر.......... 108
ئېيتقىنا، شۇلاردىن ساقمۇ سەن، ئاغزىم.......... 110
ھايات قانچە سېخىي بولسىمۇ.......... 118
مەن نېمىلەرنى قىلىۋاتىمەن.......... 121
بىر ئۆزۈڭنى ئويلايدىغان بولۇپ قالما.......... 123
سەن تاشلامسەن دوزاخقا.......... 125
كۆيمەيمەن ئۆزگىلەر قالىغان ئوتتا.......... 126

www.uyghurkitap.com

مەنمۇ خەقتەك ئىنسانغۇ، دەيمەن......127
ئېتىزلارغا باردىڭمۇ قىزچاق......128
سۆيۈنگەننى سۆيۈپ قوي......130
قانداق قىلارمەن......132
ناخشاڭ ئىدى ناشتىلىقىمىز......135
ئىپپەت-نومۇس ۋەتەن ساڭا......139
پارچىلار ۋە رۇبائىيلار......145
ئايلىناي يۈرىكىدىن ياخشىلارنىڭ......155
قۇتلۇق كۈن نورۇز دېگەن دېھقان ئۈچۈن......158
ئۇيغۇر ناخشىسى......162
سىلەر ئۈچۈن شائىر بولغانمەن......165
يەتمەيتىمەن ئەجەب قەدرىڭگە......168
بالدۇر كەتكەن ئۇلۇغ سەن......170
كەچۈرۈڭ، ئۇلارمۇ ئانا بولىدۇ......172
ئۆتكۈسى يوق دۇنيادىن كىمنىڭ ياشاپ لوقماندەك......175
يىللار بىزدىن يەنە سۆيگۈ كۈتمەكچى......179
سەن تاشلىغان «قارلىق»تا......181
سەن كەتسەڭ ئەگەر......184
ئۇيغۇر چاقچاقلىرى......187
سەن يازغان خەتنە......191
ياشىرىپ بارىدۇ ھەر كۈنى دۇنيا......193
قورقىمەن......197
يار كەلگىچە......198
ئادەمدەك ياشا......199
ئالەم ھۆكۈمى شۇنداقمىدۇ......200
يازغان خەتلىرىڭ......200
ئۈمىدسىزلەر......201

يىراقلاردىن خەت .................................... 202
ئىشقىڭ بىلەن............................................... 203
قىزلار، ئەي قىزلار.......................................... 204
كەل، دېگەندە كەلمەيسەن يارىم.......................... 205
رەنجىشكە نېمە ھاجەت........................................ 206
جاھان دېگەن يارالغان شۇنداق............................ 207
يىغلاپ قالمايلى ياشلىق كەتكەندە......................... 208
كېلەلمىسەڭ يالغۇز ئۆتەرمەن............................... 209
بۇغداي سۆزۈڭ يوقمىدى سېنىڭ............................. 210
بەرمە.................................................................. 211
توزۇپ كەتتى تالاي قىزىلگۈل................................ 212
سېنى كۆرگەن چۈشۈم ياخشىكەن........................... 213
جاڭگالدىكى ئاق توشقان..................................... 214
خەتلىرىمنى تاشلىۋەتمىگىن................................. 215
كاككۇك كەلگەندە.............................................. 216
كېلەلمىسەڭ ئۇنتۇپ كەت مېنى............................ 216
سېغىنغاندا كېلەلمىسەڭمۇ.................................. 217
مېنى سورىساڭ................................................. 219
ئاغزىڭدىكى نېمە ئۇ.......................................... 221
ئارتىس قىزغا ئازغىنە سۆز................................... 222
دەپتۇدەك............................................................ 224
كەپتۇدەك............................................................ 228
يەپتۇدەك............................................................ 232
غەزەللەر............................................................ 235

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# ئىنسان دېگەن ساپ ئالتۇن ئەمەس

مەندە نۇقسان ، سېنىڭدە سەۋەن،
چۈنكى، ئىنسان ساپ ئالتۇن ئەمەس.
تۇمەن سەۋەن ئادەملەرگە تەن،
چۈنكى، ئىنسان ساپ ئالتۇن ئەمەس.

قوغۇنلۇققا بىرى شۇمبۇيا،
ئاق قەغەزگە تۆكۈلگەن سىياھ؛
بىرى ئەلگە بەھرى يوق گىياھ،
چۈنكى، ئىنسان ساپ ئالتۇن ئەمەس.

ئەمەللەر ئاز، قەسەملەر تولا،
خاتا باسقان قەدەملەر تولا.
خاتا يازغان قەلەملەر تولا،
چۈنكى، ئىنسان ساپ ئالتۇن ئەمەس.

ئۆز كىيىنى «راست!» دەيدۇ بىرى،
«مەن-مەن»لىكتىن يۇرمەيدۇ نېرى.
بولدى بىرى پۇلنىڭ دىلبىرى،
چۈنكى، ئىنسان ساپ ئالتۇن ئەمەس.

بىرى يۇرەر ئەلدىن ياتلىشىپ،
شورا بۇزۇپ، تامدىن ئاتلىشىپ؛
كاردىن چىقتى بىرى داتلىشىپ،
چۈنكى، ئىنسان ساپ ئالتۇن ئەمەس.

ئالتۇن رەڭگىنىڭ نۇرغۇنلىرى مىس،
مىس ئالتۇنغا قىلىدۇ خىرىس.
كۆرۈنگەنگە بولماڭلار ھېرىس،
چۈنكى، ئىنسان ساپ ئالتۇن ئەمەس.

بېغىڭىزنى ئاچماڭ ئالدىراپ،
باغرىڭىزغا باسماڭ ئالدىراپ.
بويىنىڭىزغا ئاسماڭ ئالدىراپ،
چۈنكى، ئىنسان ساپ ئالتۇن ئەمەس.

بىرلىرىنىڭ ۋەدىسى يالغان، 2
بىرلىرى بار ياردىن تانغان.
بۇ سەۋەنلەر قەدىمدىن قالغان،
چۈنكى، ئىنسان ساپ ئالتۇن ئەمەس.

2001-يىل 2-يانۋار، غۇلجا

## شەھەرلىكلەر، سەھرالارغا بېرىپ كېلىڭلار

شەھەرلىكلەر، سەھرالارغا بېرىپ كېلىڭلار،
ئېتىزلارنى كۆرمىگەنلەر كۆرۈپ كېلىڭلار.
سىلەرنىڭمۇ ئەجدادىڭلار دېھقاندۇر بەلكىم،
سەھرالاردىن تەكتىڭلارنى بىلىپ كېلىڭلار.

شەھەر ـــ ھايات چىنارىنىڭ ئەڭ ئېگىز شېخى،
شاختىن چۈشۈپ، پەستىن ئۈچۈر ئېلىپ كېلىڭلار.
بىللە بارسۇن نان ئىلغىغان بالىلىرىڭلار،
ئېگىزلاردىن كۆزدە باشاق تېرىپ كېلىڭلار.

چىشىڭلارغا دورا بەلكىم دېھقانىنىڭ نېنى،
ئۆيلىرىدە قورۇنماستىن قونۇپ كېلىڭلار.
سەھرا كۆرمەي شەھەرلىكلەر شۈكۈرلۈك بولماس،
ھەر يىللىقى ھەپتە-ئون كۈن تۇرۇپ كېلىڭلار.

يېڭىۋاشتىن ئەسكە چۈشكەي ئۇنتۇلغان دىيار،
سەھرالارنى دىلغا دەستۇر قىلىپ كېلىڭلار.
ئاختاملار يادىڭلاردىن چىققاندۇر بەلكى،
بىنەملەردە تۆت-بەش زامان يۈرۈپ كېلىڭلار.



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

ئەپسۇس، ئۇندا ئېگىز بىنا، رېستورانلار يوق،
پاكار-پاكار كەپىلەرگە كۆنۈپ كېلىڭلار.
سىلەر يېگەن ئاق نان ئەسلىي تونۇردا پىشقان،
سىلەرمۇ شۇ تومۇزلاردا كۆيۈپ كېلىڭلار.

ئاندا-ساندا روناق تاپقان بايلىرىمۇ بار،
ئۇلارغىمۇ ئەزىز مېھمان بولۇپ كېلىڭلار.
كۆرۈپ كېلىڭ: نامرات دېگەن بولىدۇ قانداق؟
بۇمۇ بىلىم! شۇ بىلىمگە بېيىپ كېلىڭلار.

قولۇڭلارغا تەلمۈرىدۇ قولۇم-قوشناڭلار،
خالتاڭلارغا بىرەر زاغرا سېلىپ كېلىڭلار.
ھەشەمەتلىك شەھەرلەردە شەيتاندىن يۇققان،
قەلبىڭلارنىڭ كىرلىرىنى يۇيۇپ كېلىڭلار.

ئېگىز شاختا پەيدا بولغان كىبىرنى-كىرنى،
پايانى يوق دالالارغا قويۇپ كېلىڭلار.
شەھەرلەردە ئۇنتۇلمىسۇن ئەسلىي زاتىڭلار،
دېھقان دېگەن كىم بولىدۇ؟ تونۇپ كېلىڭلار.

2001-يىل 26-يانۋار، غۇلجا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگىي ئادرىسى
www.uyghurkitap.com

## ئىككى غەزەل

### سەھرا قىزى

ئۆزگە بىر قىز: ئاق كۆڭۈل، ئاق نان چىراي سەھرا قىزى،
تۈندە گەر ئاي چىقمىسا، ئالەمگە ئاي سەھرا قىزى.
يازدا ئۇچراتتىم ئېتىزدا مەن ئەتەي ئىزدەپ بېرىپ،
ئۆز كۆزۈندى سۇ تۇتۇپ، كەچكەندە لاي سەھرا قىزى.
كەلدى سەھرالىق بولۇپ قالغۇم مېنىڭ شۇ يېزىدا،
گۈچچىدە قايماق بىلەن ئەتكەندە چاي سەھرا قىزى.
ئەھلى ئەخلاق باي كېلۇر دەپ ئاڭلىغانمەن بارچىدىن،
مەن سېلىشتۇرسام ئۆزۈمگە، چىقتى باي سەھرا قىزى.
بىر ھايا بار جىسمىدا تۇرقىغا مەجنۇنتال قىياس،
ئەسلا تۆردىن ئىزدىمەس ئۆزىگە جاي سەھرا قىزى.
شۇبھە يوق ئىشچانلىقىدا، يەرگە بەرگەن ئىشقىنى،
شۇ ئىشقتىن ئايرىلىپ سالماس ساراي سەھرا قىزى.

### ياخشىلار

بەھرى بەرىكەت بېھىساب زۇمرەت بۇلاقتۇر ياخشىلار،
نە كىبىر، ياكى ھەسەت، كىردىن يىراقتۇر ياخشىلار.

چاڭقىغاندا يەر جاھان ياغقان گويا يامغۇر كەبى،
ئۇسسىغاندا چايلىرى تەييار تاۋاقتۇر، ياخشىلار.
ياخشى بولماس ياخشىلار بولماي بۇ ئالەمنىڭ ئىشى،
ئۆزى دەرس، ئۆزى كىتاب، ئۆزى ساۋاقتۇر ياخشىلار.
قايدا بارساڭ ياخشىنىڭ باشىدا مىڭ پەرۋانە بار،
قۇترىغان بوراندىمۇ ئۆچمەس چىراقتۇر ياخشىلار.
ياخشىلاردا بۇردا نانمۇ تەڭ ئېرۇر ھەركىم بىلەن،
ئات ئىگەرلەپ ئۆزگىگە، ئۆزى ياياقتۇر ياخشىلار.
ياخشىلارغا يارۇ ھەمراھ بولمىقىڭدەك قايدا قۇت،
دۈشمىنىڭگە تەڭلىسەڭ تەييار ياراقتۇر ياخشىلار.

2001-يىل 4-فېۋرال، غۇلجا

# مېنىڭ كۆڭلۈم

گۈل قاچاڭغا گۈل بولسام، دەيمەن،
سېنى كۈندە كۆرۈپ تۇرغىلى.
ئاشىق بولۇپ يارالدىم ساڭا،
تىللىساڭمۇ كۈلۈپ تۇرغىلى.

دېرىزەڭدىن قاراپ تۇرىمەن،
ئىشىك ئېچىپ چىقساڭ ھويلاڭغا.
لەگمەن بولۇپ چىققايمەن سويلاپ،
قازىنىڭدىن كۈمۈش چويلاڭغا.

دېرىزەڭدىن كىرگەن شاماللار،
مېنى ئەمەس، سېنى ئىزدەيدۇ.
ياشىرارسەن ياخشىلار بىلەن،
يامانلاردىن قولۇڭ ئۈز، دەيدۇ.

قارلىغاچلار كۆكلەمدە كەلگەن
ئاۋۋال كىرىپ سېنى ئىزدەيدۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

مېنىڭ كۆڭلۈم قارلىغاچلاردەك،
سەندىن ئەسلا ئۈمىد ئۈزمەيدۇ.

2001-يىل 19-فېۋرال، غۇلجا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىچى ئادرېسى

# سەھرالىرىم

ئۇلۇغلايمەن سەھرالار، سېنى،
ئۇنتۇمايمەن ئايدا بولسامۇ.
يانچۇقۇمدا ئۆزۈڭ بەرگەن نان،
ئايدىن ھالقىپ قايدا بولسامۇ.

جايىم شەھەر بولغىنى بىلەن،
رىزقىم سەندىن پۈتكىنى راستتۇر.
شان-شۆھرىتىم بۇ دۇنيادىكى،
شۇڭا ئاۋۋال ئۆزۈڭگە خاستۇر.

كۆزۈمدە ياش سېنى ئويلىسام،
كەلگەنلەردىن سېنى سورايمەن.
ئەللەر ئەتىر پۇرايدۇ، ئەمما،
مەن ھېلىمۇ بوغداي پۇرايمەن.

ئايىنىش ماڭا ئۆلۈم ئەمەسمۇ،
تاغقا چىقسام ئېدىرنى ئۇنتۇپ.
نېمە تاپاي، بالىلىقىمدا—
سەن چاي بەرگەن ھېجىرنى ئۇنتۇپ.

دېھقان، دېسە دىلىم سۆيۈنۈپ،
ھۇزۇر بىلەن كەلدىم بۇ ياشقا.
تالاي شېئىر يازدىم، ۋە لېكىن
بىر ئۆزۈگنىڭ تەسۋىرى باشقا.

نېمىشقىدۇر، يىغلاپ يازىمەن،
ساڭا يازغان شېئىرلىرىمنى.
ئۆزگىلەردىن يوشۇرغان بىلەن،
يوشۇرمايمەن سەندىن سىرىمنى.

ئاتام بىلەن ئانام رەھمەتلىك،
سەندە ياتتى، سېنى قۇچاقلاپ.
شۇندىمىكىن بەلكىم سەۋەبى،
خۇشال بېرىپ، قايتىمەن يىغلاپ.

ئەسكى چاپان ئەستىن چىققايمۇ،
سەندە ئۆتكەن باللىقىم ھەم.
مەنغۇ مەيلى، نېچۈن سېنىڭدە
ھېلىغىچە تۈگىمەيدۇ غەم؟

ئۆز سۈيىگنى ئۆزۈگگە سېتىپ،
بىرى ئەجەب نەق پۇل، دەيدىكەن؟
نەق پۇلۇڭ يوق قۇرۇپ كەتسەڭمۇ،
ئۇلار ئەجەب غەم يېمەيدىكەن؟!

www.uyghurkitap.com

ئەسكى چاپان بار ئىكەن تېخى،
سەھرالىرىم، ئادەملىرىڭدە.
كونا داغلار تۇرسا ئۇياتقۇ،
ئەللىك يىللىق يۇيغان كىرىڭدە؟!

ساڭا ئاخشام بېرىپ كەلگەنلەر،
ھەيران قاپتۇ شۇلارنى كۆرۈپ،
يېڭىلاشقا ئامال بارمىكىن،
سەندە كونا ئۆيلەرنى ئۆرۈپ؟


يېڭى كۈيلەر سەندە تەل ئەمەس،
تېخى «كونا مۇقام» بار ئىكەن.
بەزىلەردە يېڭى ئەقىل يوق،
كونا قىقاس-چۇقان بار ئىكەن.

چۆكۈپ قالدىم غەملىرىڭگە مەن،
غەمدىن باشقا نە قىلالايمەن؟
سەھرالىرىم، بارچىدىن ئۈز! دەپ،
يەنە سېنى ئەتىۋارلايمەن.

نورۇز كەلدى يەنە ئايلىنىپ،
بىلدىڭمىكىن، خەۋەرسىز قالدىم.
ئەتكەنمىدۇ نورۇز ئېشى، دەپ،
ئاۋۋال سېنى يادىمغا ئالدىم.

سەھەرلىرىم، ئۆز بالاڭ تۇرسام،
سېنى ھەركۈن ئويلىمامدىمەن؟
سەن قۇتۇلساڭ كەمبەغەللىكتىن،
مەنمۇ غەمسىز ئوينىمامدىمەن؟!

2001-يىل 28-فېۋرال، غۇلجا



# شەھەرلەر

سەھرالارنى تونۇمسىلەر، شەھەرلەر،
يوقلا، دېسە ئۇنامسىلەر، شەھەرلەر؟
كېلىپ-كېتىپ يۈرگەنلەردىن، دېھقاننىڭ —
ئەھۋالىنى سورامسىلەر، شەھەرلەر؟

ئىزدەمسىلەر قولۇم-قوشنا دېگەننى،
ئاش-تاماقمۇ سۇنامسىلەر، شەھەرلەر؟
يىراقلىشىپ بىزدىن ياكى بىر يولى —
قولۇڭلارنى يۇيامسىلەر، شەھەرلەر؟

كەلگەنلەرنىڭ ئەھۋال ئېيتىپ، ھېلىمۇ
يانچۇقىنى كولامسىلەر، شەھەرلەر؟
ئادىمىلىك بارمۇ-يوقمۇ سىلەردە،
قۇرۇق بارساق ئۇرامسىلەر، شەھەرلەر؟

رېستورانلار كانى ئىكەن ئويۇننىڭ،
كۆندە شۇنداق ئوينامسىلەر، شەھەرلەر؟
تائام دېگەن ئېشىپ قاپتۇ شۇ پېتى،
تۆكمىسەڭلار تويمامسىلەر، شەھەرلەر؟

بەگزادىگە ئايلىنىپتۇ باشلىقلار،
ئويناۋېرىپ قۇرامسىلەر، شەھەرلەر؟
بىر چىرايلىق كېتىۋاتقان ھارۋىنى،
يامان يولغا بۇرامسىلەر، شەھەرلەر؟

سېتىۋالغان ئوغۇت ساختا، دورا جا،
بىزنى ئەمدى بۇلامسىلەر، شەھەرلەر؟
كەلگۈن بىلەن خۇدا ئۇرغان دېھقاننى،
سىلەر يەنە ئۇرامسىلەر، شەھەرلەر؟

جا ماللارنىڭ ئۆزۈڭسمۇ، سىلەرمۇ،
مالنى مەڭگۈ بويامسىلەر، شەھەرلەر؟
يالاڭلارنى يۆلەۋاتسا پۇتۇن ئەل،
سىلەر قاراپ تۇرامسىلەر، شەھەرلەر؟

كېرەكلىكنى بىزدىن ئېلىپ تا مەڭگۈ، 14
بىزگە ھاپاش بولامسىلەر، شەھەرلەر؟
شۇنچە چىرىپ كەتتىڭلارمۇ، ۋە ياكى
بىزگە شۇنداق پۇرامسىلەر، شەھەرلەر؟

2001-يىل 17-مارت

# ياخشىلار

ياخشىلار دۇنيانىڭ گۈلزارى-گۈلى،
ياخشىلار هاياتنى سۆيەر ھەركۈنى.
كىم ياخشى، كىم يامان؟ ياشاۋەر دوستلار،
ئانا ئەل ئەجرىدىن ئايرىيدۇ ئۇنى.

ياخشىلار ئۆمرىگە ناخشىلار مىسال،
ياخشىلار بەختىگە باردۇر بىر ۋىسال.
يامانلار نامىغا ھەرجايدا نەپرەت،
ياخشىلار ياشىنسا ئانا يۇرت خۇشال.

ئاناردەك چىچەكلەش غايىمىز بولسۇن،
ھەر كىمگە مېۋىمىز، سايىمىز بولسۇن.
ئۇچساقمۇ ھەرقانچە ئۆرلەپ ئېگىزگە،
ئادەملەر قەلبىدە جايىمىز بولسۇن.

ناخشىلار تووۋلايمىز ناخشىدەك ياشاپ،
كېلىدۇ ناخشىلار كۆز ياشنى توساپ.
يۇرمەيلى، دوستلىرىم، ئەگرىنى تۈز، دەپ،
يامانى ياخشى دەپ پەردازلاپ-ياساپ.

2001-يىل 10-ماي، غۇلجا



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# كېلەلمىسەڭ يالغۇز ئۆتەرمەن

تاڭ ئاتقىچە سېنى كۈتەرمەن،
كۈن پاتقىچە سېنى كۈتەرمەن.
ھالاك بولۇپ ھىجراندا ئەگەر،
كېلەلمىسەڭ يالغۇز ئۆتەرمەن.

كېلىپ تۇرسا يازغان خەتلىرىڭ،
بىلىنمەيدۇ تارتقان دەردلىرىم.
ئۆلمەس ئەمما خىيال كەپتىرىم،
كېلەلمىسەڭ يالغۇز ئۆتەرمەن.

كۆرسەتمىسۇن خۇدا ئۇ كۈننى،
داغدا قويۇپ بىزنىڭ كۆڭۈلنى؛
قىسالمىسام بېغىڭدىن گۈلنى،
كېلەلمىسەڭ يالغۇز ئۆتەرمەن.

سەنسىز قانات قاقمايدۇ كۆڭلۈم،
ياتقا ئىشىك ئاچمايدۇ كۆڭلۈم.
ئۆزگىلەرگە تارتمايدۇ كۆڭلۈم،
كېلەلمىسەڭ يالغۇز ئۆتەرمەن.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

مەيلى مۇشكۇل بولسا يالغۇزلۇق،
نالاشمايمەن ھېچكىمدىن ئۇزلۇق.
ياتقان يېرىم بولسىمۇ مۇزلۇق،
كېلەلمىسەڭ يالغۇز ئۆتەرمەن.

چۈشلىرىمگە كىرەرسەن بەلكى،
مېنى ئىزدەپ كېلەرسەن بەلكى.
مەن كۆنگەنگە كۆنەرسەن بەلكى،
كېلەلمىسەڭ يالغۇز ئۆتەرمەن.

يۇرگەن جايىم بولسىمۇ دالا،
مەيلى كەلسۇن كۆندە مىڭ بالا.
مېنىڭ ئۇچۇن سۆيگەن يار ئەلا،
كېلەلمىسەڭ يالغۇز ئۆتەرمەن.

سەن كۇلگەندە مەنمۇ كۇلەرمەن،
سەن بار يەردە مەنمۇ ئۇنەرمەن.
سەن ئۆلگەندە مەنمۇ ئۆلەرمەن،
كېلەلمىسەڭ يالغۇز ئۆتەرمەن.

سەن تۇرغاندا ئۆزگىنى دەيمۇ،
سەن تۇرغاندا جاندىن غەم يەيمۇ؟
ساڭا بەرگەن كۆڭۈل ئۆلگەيمۇ،
كېلەلمىسەڭ يالغۇز ئۆتەرمەن.

ئۇچۇرىڭنى ئېلىپ يۈرىمەن،
كېلەرىڭنى بىلىپ يۈرىمەن.
ساڭا خەتلەر سېلىپ يۈرىمەن،
كېلەلمىسەڭ يالغۇز ئۆتەرمەن.

2001-يىل 12-ماي

# سالام خېتى سۆيگۈنىڭ

ساڭا تېخى بار مېنىڭ ئەۋەتمىگەن خەتلىرىم،
ئاۋارىمەن، ئەزىزىم، ئۇنى يېزىپ بولالماي.
چالا قالار ھەر قېتىم تالاي-تالاي گەپلىرىم،
تېڭىرقايمەن يىرتالماي، يا پوچتىغا سالالماي.

شۇنداق ئۇزۇن بولاركەن سالام خېتى سۆيگۈنىڭ،
دەپتەر بولدى ھەر بىرى (تۈگىمەسكەن گەپ دېگەن).
مەنلا ئەمەس، بۇ خەتنى چالا يازدى تالايلار،
جۇدالىققا يېتەمدۇ دۇنيادىكى دەرد دېگەن؟!

قانچە ئۇزۇن يازساممۇ يېزىلماپتۇ تەلتۆكۈس،
چۈنكى، سۆزنىڭ قەغەزدە دەپ بولامدۇ بارىنى؟
قۇلىقىڭغا پىچىرلاپ دەيدىغانمۇ گەپ تولا،
ئاڭلاپ قالسا ئەل ئۇيات، بۇ كۆڭۈلنىڭ زارىنى.

سۆيۈپ تۇرۇپ لېۋىڭگە قىلغان سۆزلەر باشقىدۇر،
ئۇنداق شېرىن چاغلارغا دىدار كېرەك، سەن كېرەك.
ئۇنداق قىيام بولغايمۇ خەتلەردىكى مۇھەببەت،
قىيام ئۈچۈن قەنت كېرەك، سەن كېرەك ھەم مەن كېرەك.

چالا دەيمەن شۇڭلاشقا ساڭا يازغان خېتىمنى،
كۆندە گۈلۈم، پوچتىغا بىر خەت سېلىپ تۇرسامۇ.
سېغىنماپسەن، دەپ ساڭا قانچە قېتىم قېيدىدىم،
كۆيگىنىڭنى سېنىڭمۇ شۇنچە بىلىپ تۇرسامۇ.

ئاشىق-مەشۇق بىر يەردە بولمىغۇچە چىرمىشىپ،
يازماي قانداق چىدايدۇ شۇنداق ئۇزۇن خەتلەرنى.
جۇدالىقتا شۇ خەتكە زورلىمىسام ئۆزۈمنى،
مەنمۇ قانداق تۆكەتتەي يۈرەكتىكى دەردلەرنى.

ساڭا يازغان خېتىمگە شۇڭا چېكىت قويغۇم يوق،
چۈنكى، يارىم، خەت دېگەن ئوخشمايدۇ ۋىسالغا.
چالا قاپتۇ، دەپ يازدىڭ سەنمۇ تالاي خېتىڭنى،
بىزنى سۆيگۈ چۈشۈرۈپ قويدى، دېمەك، شۇ هالغا.

2001-يىل 25-ماي، غۇلجا

# ھالاك قىلدىڭ ھايانى

(مودىكەش قىزلارغا)

سەن ئاسماندا بولماستىن، ئەجەب پەستە بوپقاپسەن،
چولپاندىنمۇ، ئايدىنمۇ ھۆسنۈڭ شۇنچە ئۈز تۇرۇپ.
گۈل قىسقىنىڭ نىمىسى، شۇڭا قىزچاق چىكەڭگە،
جىمى گۈلگە بەرگۈسىز ئۆزۈڭ گۈلدەك قىز تۇرۇپ؟

جىنەستىدەك لەۋلىرىڭ لەۋ سۇرۇخقا نە ھاجەت،
ئەمگەن چاغدا قانداقتى شۇ لەۋلىرىڭ ئاناڭنى؟
توزنى دوراش خاتاغۇ بۇلبۇل تۇرۇپ بىر ئۆزۈڭ،
ئۆگىتەمسەن بوياقا كەلگۈسىدە بالاڭنى؟

قاتار تۇرغان ئەسكەردەك كۆز شاھىنى قورۇغداپ،
كىرپىكلىرىڭ يىتىشمەي يەنە كىرپىك ياساپسەن.
باغقا تىكەن تەرگەندەك بولدى شۇ ئىش مەن ئۈچۈن،
قوي كۆزۈڭنى قاپقارا ئەلدىن ئەجەب توساپسەن.

ئوچۇق قاپتۇ كۆكسۈڭمۇ، گويا يىرىم يالىڭاچ،
ياپالماپتۇ كۆڭلىكىڭ ئەجەب ئاپئاق يوتاڭنى.
مۇنبىرىدە سىزەمسەن يا ئۆزۈڭنى پارىژنىڭ،
كىمدىن ئالدىڭ چىقماقا شۇ مۇنبەرگە شوتاڭنى؟

قاپتۇ بوياق ئاستىدا ئەسلىي زاتى مەڭزىڭنىڭ،
سۆيۈپ قالار سۆيگەنلەر سىنى ئەمەس بوياقنى.
دىسكوخانا بوپقاپتۇ كەچتە بارار مەنزىلىڭ،
نەگە دېسەم كۈندۈزى، كۆرسىتىسەن قاۋاقنى.

ھەيران قالدىم ھالقاڭغا قۇلىقىڭدەك چوڭلۇقتا،
نەگە كەتتى ئۆزۈڭنىڭ ھالقىلىرى چىرايلىق؟
توڭكاي ئاياغ پۇتۇڭدا، كۆرۈنىدۇ كۆتەكتەك،
ساڭا ئۇنىڭ نەرىمۇ تۇيۇلغاندۇ قولايلىق؟

ئايلىنىپسەن ئاجايىپ موداپەرەس بىر قىزغا،
تەييارلىق بار روھىڭدا يالىڭاچمۇ يۈرەرگە.
ئوچۇق تۇرار كىندىكىڭ چىققىنىڭدا سەھنىگە،
كۆزۈم بارغاي قانداقچە يەنە يېنىپ كۆرەرگە؟

ھالاك قىلدىڭ ھايانى، ھازىدارمەن شۇ سەۋەب،
ئاغرىپ ئۆلسەم مەيلىغۇ، ئۆلەي دېدىم نومۇسقا.
توۋا دەيمەن، يامانلىق بىزدە ئەجەب كۆكلەيدۇ،
ئوتمۇ ئاۋۋال ئەڭ ئاسان تۇتاشقاندەك قومۇشقا.

بولغان ئىدى ئۇيغۇردىن بىر سەلتەنەت كەتكەندەك،
بىر جۈپ ئۇزۇن چېچىڭنى ئۆزۈڭ ئەتەي كەسكەندە.
پۇل بار يەردە ئۇنتۇلدى گۈزەل ئىپپەت-نومۇسۇڭ،
ئىشلار شۇنداق بولامدۇ ياكى ئامەت كەتكەندە؟!

راۋاب، دۇتار، تەمبۇردىن بولدۇڭ تامام ياتلىشىپ،
ئەسكە ئېلىپ قويمايسەن ئەجدادىڭنى، ئەسلىڭنى.
بىزغۇ مەيلى ئەپسۇستا ئۆتتۇپ كەتسەك دۇنيادىن،
كېتىۋەرسەڭ شۇ يولدا يوقاتمامسەن نەسلىڭنى؟

گۈلدەك تۇرقۇڭ ئۆزۈڭنىڭ ياراشمامدۇ زامانغا،
پەرەنجىسىز جامالىڭ ئاي، يۇلتۇزدىن ئۈز تۇرسا؟
ئىزدىن چىققان پەردازغا يەنە ھاجەت قانچىلىك،
ئۇيغۇر قىزى جاھاندا تەڭدىشى يوق قىز تۇرسا؟!

2001-يىل 16-ئىيۇن، غۇلجا

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

## باشلىغىلى بولىسىدى يېڭىۋاشتىن ياشلىقنى

(ياشانغانلار خاتىرىسىدىن)

باشلىغىلى بولىسىدى يېڭىۋاشتىن ياشلىقنى،
ئەل بار يەردە يۈرسەممۇ، سەن يوق يەردە يۈرمەيتتىم.
تالاي ئاچلىق سەن بولغاچ تەسلىم بولغان ئەمەسمۇ،
نان يوق يەرگە كۆنسەممۇ، سەن يوق يەرگە كۆنمەيتتىم.

ئەمدى يەتتىم قەدرىڭگە، نېمە يەتكەي ئەجرىڭگە،
ياشانغاندا ياش تۆكتى كۆزۈم ئەمەس، يۈرىكىم.
كېچىكسەممۇ غالىبمەن غاپىللىقنىڭ ئۈستىدىن،
ئۆزۈڭ بوپسەن ئەمەسمۇ يېرىم ئەسىر يۆلىكىم.

ئۇ چاغلارنى ئەسلىسەم كاچاتلايمەن ئۆزۈمنى،
گۇناھكاردەك ئالدىڭدا مېنىڭ بېشىم ئېگىكلىك.
ئاغرىتقاندىمەن تالاي رەت سېنىڭ نازۇك دىلىڭنى،
باراي دەيمەن ئالدىڭغا ئىككى قولۇم چېگىكلىك.

بىز كۆيۈشكەن چاغلارغا تەڭ كەلمەيتتى تومۇزمۇ،
ياشلىق ئىدى ئۇ چاغلار مەنمۇ بەگۋاش، سەنمۇ شاش.
بىز سۆيۈشكەن دەملەرنى تويى دېدۇق لەۋلەرنىڭ،
تېپىشتى دەپ ئىككىسى تەبرىكلەشكەن تاغۇ تاش.

سەندىن پەرۋىش تاپقاندۇر بىزنىڭ ئاشۇ مۇھەببەت،
چۈشىنەلتىم چۈنكى مەن مۇھەببەتنى ئويۇن، دەپ.
پەرىشتىنىڭ ئاۋازى سەندىن خىتاب قىلاتتى،
يىگىت بولساڭ ئەڭ ئاۋۋال پاك سۆيگۈدە يۈيۈن! دەپ.

ئاسراپ قالغان سەن بولدۇڭ جۈتتىن بىزنىڭ سۆيگۈنى،
يادىمدا بار تالاي رەت تىزگىنىمنى تارتقىنىڭ.
تەنتەكلىكتە تەتۈرلۈك نۇرغۇن ئىدى مېنىڭدە،
شۇنداقتىمۇ يوق ئىدى مېنى «سەنلەپ» باققىنىڭ.

دۆشكەلەيتتىم، ھەر ئاخشام، چىق دېگەندە چىقمىساڭ،
قىزلىقىڭنى نومۇسچان شۇنچە بىلىپ تۇرساممۇ.
مەندىن بىزار ئاناڭغا مېنى يەنە ئاقلايتتىڭ،
قايرىپ قويۇپ ھايانى كۆندە كېلىپ تۇرسامىمۇ.

يوق ئەمەستى سۆز-چۆچەك شۇڭا سېنىڭ كەينىڭدە،
قويغان ئىدىم مەن شۇنداق سېنى تالاي گەپ-سۆزگە.
خىلۋەتلەرگە زورلايتتىم تارتىپ نازۇك قولۇڭدىن،
قىلماي يەنە قانائەت بىللە ئۆتكەن كۈندۈزگە.

سىلكىۋەتسەڭ قولۇمنى ھەپتە-ئون كۈن قېيدايتتىم،
جىمى گۇناھ، ۋاي توۋا، بىر ئۆزۈمدە تۇرۇپمۇ.
يەنە ئىزدەپ كېلەتتىڭ مېنى، پۇرسەت-پەيت تېپىپ،
كەچۈرەتتىڭ، ئولتۇرماي كونا خامان سورۇپمۇ.

25

تويدىن كېيىن تۇزەلدىم، دەپ ئېيتماقمۇ تەس ماڭا،
ئوخشمايتتىم ۋە لېكىن چاغلىرىمغا يىگىتلىك.
ساپ پاختا دەپ ئۆزۈمنى داڭلىسامموۇ قانچىكى،
لېكىن، يەنە ئالدىڭدا پاختا ئىدىم چىگىتلىك.

قۇتۇلماق تەس شۇلارنى تامام ئارتىپ ياشلىققا،
تەن ئالماستىن شۇلارنى بۈگۈن قانداق تانايمەن؟
ياشلىقتىكى سەۋەنلەر ياشانغاندا پۇشايمان،
كەچۈردىمۇ يارىم، دەپ كۈندە ساڭا قارايمەن.

ناخشىسىنى تۇرمۇشنىڭ تەڭ ئېيتماقمۇ تەس ئىكەن،
سەندە سەۋەن نە قىلسۇن، تەڭ ئېيتمىغان مەن تۇرسام؟
تارىخىدا جۈپلۈكنىڭ ماختىنغايمۇ ئەل مېنى،
پەزىلەتتە، ئەزىزىم، سەندىن تالاي كەم تۇرسام؟

ئاغرىتقىنىم دىلىڭنى شۇ ياشلىقتا ئاز ئەمەس،
سۆزلەشكىمۇ خىجىلمەن شۇ ئىشلارنى بىر-بىرلەپ.
ئۆتۈپتىمەن ئويلىسام، ئاسمىنىدا سۆيگۈنىڭ،
قارا بۇلۇت ئۆتكەندەك يامغۇرى يوق گۈلدۈرلەپ.

كەلكۈندە تۇرمۇشنىڭ چۆكۈپ، لەيلەپ ئاقساڭمۇ،
يۈرگەنلىرىم يادىمدا ئەمما قىرغاق ياقىلاپ.
قايغانلارغا قوشماستىن شۇنداقتىمۇ قانچە رەت،
مېنى، گۈلۈم، يېنىڭغا تارتىۋالدىڭ ۋارقىراپ.

ئىككىمىزدىن بوي تارتقان كۆچەتلەرنىڭ پەرۋىشى،
سەندىن بولدى دېمەسكە نېمە ئامال مېنىڭدە؟
ئايال، دېگەن راست ئىكەن، ئەسلىي ئەرنى ئەر قىلغان،
تولۇق ئىكەن ئەزەلدىن ئاشۇ خىسلەت سېنىڭدە.

مەندە ئاخىر ئۇلغايدى ئادىمىيلىك سەن بىلەن،
چۈنكى، ئالىم بولماقتىن ئادەم بولماق تەس ئىكەن.
ئەل كۆزىدە مەن كەبى ئەرنىڭ ئەجرى چاغلىق ئىش،
سېنىڭ ئەجرىڭ خاماندا گويا قىزىل چەش ئىكەن.

ۋاقتى ئۆتكەن ۋەدىلەر ئەسقاتمايدۇ، ئەلۋەتتە،
لېكىن مېنىڭ ھەسرىتىم باللارغا مەكتەپتۇر.
زارلانمىسۇن ئازار يەپ مەھبۇبىلەر ھېچقاچان،
ئاسرىماقمۇ سۆيگۈنى ئەڭ ئۇلۇغۋار مېھنەتتۇر.

قىرىق يىللىق قوشماق بىز، ئەللىك يىللىق قەدىناس،
ياشلىق ئەمدى ئاجايىپ بىر ئەسلىمە بوپ قالدى.
بۇ يوللاردا سېنىڭدىن دۆۋە-دۆۋە مەرۋايىت،
مەندىن، ئەمما، خىجىلمەن تالاي ئەپسۇس قېپقالدى.

باشلىغىلى بولسىدى يېڭىۋاشتىن ياشلىقنى،
قەدىرلىكىم، يا قولۇڭ، ياكى پۇتۇڭ بولاتتىم.
سۇغا ماڭساڭ مورەڭدىن ئېلىشىپ ئەپكەشنى،
قازان ئاسساڭ لاۋۇلداپ كۆيگەن ئوتۇڭ بولاتتىم.

2001-يىل 2-ئىيۇل، غۇلجا



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## مېيىپلىق بەلكىم بىزگە بىر سىناق

(«ئىللىق دۇنيا» سەنئەت ئۆمىكىنىڭ روھىدىن)

مېيىپلىق، ساقلىق تەقدىر ئەزەلدە،
ياخشى-يامانىنىڭ بەلگىسى ئەمەس.
مېيىپلەر ياكى مەڭگۈ خۇدانىڭ،
ئەسلىي گۇناھكار بەندىسى ئەمەس.

بىرىمىز ئەما، لېكىن دۇنيانى
كۆرۈپ تۇرىدۇ كۆڭۈل كۆزىمىز.
ھاياتنى سۆيدۇق، ھايات خورىنى
بارچىدىن ئاۋۋال ئېيتتۇق ئۆزىمىز.

بىرىمىز تىلسىز، بىرىمىز قولسىز،
لېكىن قەلبىمىز ساقلاردىنمۇ ساق.
يۇرمەيمىز ھەرگىز تەقدىرنى كايىپ،
مېيىپلىق بەلكىم بىزگە بىر سىناق.

ئۈينىغان ئۇسسۇل، ئېيتقان ناخشىمىز
ھاياتنى چىندىن سۆيگەنلىكىمىز.
يۇرگەنلىكىمىز شەرەپ قوينىدا،
قانداق ياشاشنى بىلگەنلىكىمىز.

بىزنى مېيىپ دەپ باقماڭ باشقىچە،
سىزگە ساقلىقمۇ مەڭگۈلۈك ئەمەس.
تەڭدۇر بارچىمىز، تەڭدۇر رىزقىمىز،
بىزمۇ ۋەتەنگە مەڭگۈ يۈك ئەمەس.

بىزگە كەلگەنلەر سىزگە كەلمىسۇن،
بۇ رىيازەتلەر بىز بىلەن كەتسۇن.
هايات ئاشىقى كىم، دەپ سورىسا،
قەلبىڭىز ئاۋۋال بىزنى كۆرسەتسۇن.

2001-يىل 10-ئىيۇل



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## قەلەمكەش بولۇپ قاپتۇ قىزلىرىمىز

(«شائىرە نۇرىيە ئىلاخۇن ئەدەبىي ئىجادىيىتى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» مۇناسىۋىتى بىلەن)

قەلەمكەش بولۇپ قاپتۇ قىزلىرىمىز،
كۆك رەيھان ئايلىنىپتۇ قىزىل گۈلگە.
ئەزەلدىن ھىدى باشقا قىزىل گۈلنىڭ،
ئەزەلدىن جىمى گۈلگە ئۆزى ئۈلگە.

قەلەمكەش بولۇپ قاپتۇ قىزلىرىمىز،
بۇلبۇلغا ئايلىنىپتۇ تورغايلارمۇ.
بۇلبۇلغا ئايلاندى دەپ تورغايلارنى،
تەنتەنە قىلىشىپتۇ بۇغدايلارمۇ.

ئالدىمغا كەلدى ئاۋۋال شائىرەلەر،
قايرىلسام ئەللىك يىللىق ئىزىمىزغا.
تەڭ قەلەم تۇتقۇزۇپتۇ يېڭى دەۋر،
خۇشالمەن، جىمى ئوغۇل-قىزىمىزغا.

قەلەمكەش بولۇپ قالدى قىزلىرىمىز،
شۇلاردىن ئەمدى كۆرۈڭ سۆزمەنلىكنى!
سايرايدۇ بۇلبۇل دېگەن تۈنلەردىمۇ،
بىلگەچكە باھار بەرگەن ئەۋزەللىكنى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى ئادرېسى

ئانىسىز ئۆيلەر كەبى بولاركەن چۆل،
بولمىسا شائىرەلەر ئارىمىزدا،
بولسىمۇ دۇتارىمىز قانچە ياخشى،
گەپ ئەمما ئاشۇ سالغان تارىمىزدا.

سورۇنلار قىزىمايدۇ قىزلار بولماي،
قىزلارغا ھېرىس شۇڭا بىزنىڭ سەپمۇ.
تەڭ ئېيتقان ناخشىلارنى ئوغۇل-قىزلار،
كېلىمەن تۇگىتەلمەي تەرىپلەپمۇ.

قەلەمكەش بولۇپ قالدى قىزلىرىمىز،
مىللەتنىڭ تولۇق ئاتتى تېگى ئەمدى.
كۆنمەيدۇ ئاسارەتكە ئۇلار ھەرگىز،
يوللىرى ھەر ئايالنىڭ يېڭى ئەمدى.

مىڭلىغان كىتابلاردا سۆزلىرى بار،
ياراشتى گۇل قامىتى مۇنبەرلەرگە.
نان كۇتمەس ئەۋلاد ئۇلار نادانلىقتىن،
دىل بەرمەس ئىلىم تۇرۇپ، دۇر-زەرلەرگە.

تۇمەنلەپ ئامانىسا ئارىمىزدا،
بىز بىلەن تەڭ سۆزلەيدۇ، تەڭ يازىدۇ.
تەڭ تۇتۇپ دوستلارغىمۇ گۇلدەستە،
گۆر قازساق دۇشمەنلەرگە تەڭ قازىدۇ.

قەلەمكەش بولۇپ قالدى قىزلىرىمىز،
بىرىدىن بىرى چېچەن، بىرى دانا.
تىلىمىز ئۆزۈن بىزنىڭ شۇلار بىلەن،
بارچىسى نۇرىيەدەك شائىر ئانا!

2001-يىل 20-ئىيۇل، غۇلجا



## لىرىكىلار

# سەن پەرىشتە بولمىساڭ ئەگەر

شۇ ياشقىچە يىغلىمىغەنتىم،
ئەمدى ساڭا يىغلارمەنمۇ؟
ھېچ گۈزەلگە يېلىنمىغانتىم،
ئەمدى ساڭا يېلىنارمەنمۇ؟

سەن پەرىشتە بولمىساڭ ئەگەر،
ساڭا شۇنچە تېۋىنارمەنمۇ؟
سەن ئېزىتقۇ بولمىساڭ ئەگەر،
كۆندە مۇنچە سېغىنارمەنمۇ؟

سەن «پۇ!» دېسەڭ ئۇچتۇم شار بولۇپ،
ئۇچۇپ يىراق يىرىلارمەنمۇ؟
سەگەك يىراق مۇنداقمۇ ئاسان—
تومشۇقۇمدىن ئىلىنارمەنمۇ؟

دۇتارىڭغا ئايلىنىپ سېنىڭ،
قوللىرىڭدا چېلىنارمەنمۇ؟
ئەنسىرەيمەن، ئاخىر بىر كۈنى،
تامام ۋەيران قىلىنارمەنمۇ؟

چوقىلارغا ئۆرلىگەن ئوغۇل،
پەسكە مۇنداق سىيرىلارمەنمۇ؟
ئۆلۈپ كەتسەم ئۇۋالىم ساڭا،
سەن يىغلىساڭ تىرىلارمەنمۇ؟

## قىزىقى يوق ياشلىق كەتكەن ئۆمۈرنىڭ

تاشتىن تاشقا سەكرەپ ئاققان سۇلاردەك،
كەتتى ياشلىق ئىلكىمىزدىن قىيغىتىپ.
ئەگدى يىللار چىنارنى ئۆمۈرنىڭ،
تۆكتى ئايلار ئۇندىن غازاڭ ئىپغىتىپ.

كېلىپ قايتتى تۇرنا، ئۆردەك قانچە رەت،
كېتىپ قالدى ياشلىق شۇلار كەينىدىن.
تەبىئەتنىڭ ھۆكۈمى تۇرسا جۇدالىق،
مەن كۆرىمەن بۇنى كىمنىڭ پەيلىدىن؟

كۆز يېشىڭنى ئۇلغايتىدۇ ھەسرەتلەر،
ئۆتۈپ كەتكەن كۈنلىرىڭگە ئۆكۈنسەڭ.
ئۆلۈم دېگەن ئۇنداق ئاددىي ئىش ئەمەس،
قۇتۇلمايسەن پىنھانلارغا مۆكۈنسەڭ.

قىزنقى يوق قىز-ئوغۇلسىز مەرىكىنىڭ،
قىزنقى يوق ياشلىق كەتكەن ئۆمۈرنىڭ.
چىنپۈتمىسەڭ، شۇ ھالىڭغا مىسالدۇر،
كۆيۈپ كۈلگە ئايلانغىنى كۆمۈرنىڭ.

ئارىسىدا بۈگۈن بىلەن ئەتەڭنىڭ،
ھايات، مامات ئىككى تەقدىر تەڭ يۈرەر.
ئەرزىگۈدەك ئەجرى يوقنىڭ نامىمۇ،
بۇ ئالەمدە ئۆزى بىلەن تەڭ ئۆلەر.

2001-يىل 25-ئاۋغۇست، غۇلجا



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

# بارچىمىزدا بىر جاننىڭ غېمى

تۇغۇلغاندا نۇقسانسىز ئىدۇق،
ياشاپ يۈرۈپ ئىللەتلىك بولدۇق.
لېكىن، تاغدەك گۇناھلار تۇرۇپ،
ئۆلۈپ كەتسەك «رەھمەتلىك» بولدۇق.

ئىللەت بىزگە شۇنىڭ ئۆزىمۇ،
ئۇنىۋان ئالدى ئۆرلەپ رەزىللەر،
«ئۈچ تالاق»قا تاپقاندەك بىر يول،
شۇلارغىمۇ تاپتۇق دەلىللەر.

شۇ تەقلىدتە ياشاپ يۈرىمىز،
تەن بەرمەستىن تەنبىھلەرگىمۇ،
كىر ئارىلاشتى، يۇندا ئارىلاشتى،
ھايات ئۈچۈن تۆككەن تەرگىمۇ.

بىرلىرىمىز ماختاشقا ئامراق،
ماختىمىسا ماختىنالايمىز.
يەردە تۈزۈك ماڭالماي تۇرۇپ،
ئۇچماق ئۈچۈن كۆكنى خالايمىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

بارچىمىزدا بىر جانىنىڭ غېمى،
ئارزۇلايمىز ئۇزۇن ئۆمۈرنى،
تۇمەن ئانا «ئۇھ» تارتىپ ئۆتتى،
كۈتۈۋېرىپ بولماس خېمىرنى.

پەيدا بولدى ئايال زاتىمۇ،
ئارىسىدا مەي ئىچكەنلەرنىڭ.
ئۇندىن ئارتۇق بولامدۇ قۇتراش،
يۈزى كەتتى گۆھەرنىڭ، زەرنىڭ.

ياش يوشۇرۇپ كۆڭۈل ئاۋۇتقان،
ئەخمەقلەرنى يېزىپ بولماق تەس.
ئايدەك قىزلار چىقتى كوچىغا،
ئازدۇرغاچقا ئالتۇنغا ھەۋەس.

ئەمەل تۇتسا ئەلنى ئۇنتۇغان،
ئازمۇ بىزدە ھەق دۈشمەنلىرى،
يالغان سۆزلەپ ئۆگەندى ئاغزى،
ئاسىيلىقتا يايراپ تەنلىرى...

ماختانساقمۇ مەيلى بۇرادەر،
ئۇنتۇلمىسۇن سېسىقىمىزمۇ.
كۆپ يېگەنلەر، قەۋزىيەت يامان،
ئېشىپ كەتسە ئىسسىقىمىزمۇ.

ئەستىن چىقتى ئەسكى يوللاردا،
بۇ دۇنياغا مېھمانلىقىمىز.
ياشا ئادەم، ياشا، ۋە لېكىن،
ئۇنتۇلمىسۇن ئىنسانلىقىمىز!

2001-يىل 25-ئاۋغۇست، غۇلجا

# ئۈنتۈمايلى دېھقاننى

ئېگىز تاغدا بولساقمۇ ئۈنتۈمايلى دېھقاننى،
چاھارباغدا بولساقمۇ ئۈنتۈمايلى دېھقاننى.
كېلىپ تۇرسۇن تاپقاننى دېھقان بىلەن تەڭ يېگۈلۈك،
بىرەر توخۇ سويساقمۇ ئۈنتۈمايلى دېھقاننى.

دېھقان بولماي نان نەدە، نان بولمىسا جان نەدە،
دېھقان بولماي ھەيۋەتلىك شەھەر نەدە، خان نەدە؟
دېھقان بولماي ئاتقا يەم، توخۇلارغا دان نەدە؟
ئاچ قالساقمۇ، تويساقمۇ ئۈنتۈمايلى دېھقاننى.

ئەڭگۈشتەردۇر گۆھەردۇر دېھقاندىكى ھالاللىق،
قۇترىمايدۇ دېھقاننىڭ ۋۇجۇدىدا ھاراملىق.
ھويلىلىرى چىرايلىق گۈلزارلىق، يا باراڭلىق،
سارايلاردا قونساقمۇ ئۈنتۈمايلى دېھقاننى.

سۆھبەتدىشى دېھقاننىڭ ئېتىز بىلەن زىرائەت،
بىر قارىساڭ سۆيۈشتۇر، بىر قارىساڭ زىيارەت.
ئەلمىساقتىن ئەمگەكمۇ دېھقان ئۈچۈن دىيانەت،
شۇڭا ئورەك ئۈيساقمۇ ئۈنتۈمايلى دېھقاننى.

تاشلاپ ئىتنى-ئىرىقنى بارماس بايرام-كۆرەككە،
ئاچ قالسىمۇ كۆز سالماس ئۆز رىزقىدىن بۆلەككە،
ئاشلىق ئالسا ئەڭ ئاۋۋال تاپشۇرىدۇ دۆلەتكە،
دىمەك، ئەمەل تۇتساقمۇ ئۇنتۇمايلى دېھقاننى.

شۈكۈر بىلەن قانائەت پەزىلىتى دېھقاننىڭ،
تۆكۈۋېتەر بارىنى ھۆرمىتىگە مېھماننىڭ.
دېھقان كۆڭلى كەڭ شۇنداق كەڭلىكىدىن ئاسماننىڭ،
ئاددىي بىر تام سوقساقمۇ ئۇنتۇمايلى دېھقاننى.

ئوغۇل-قىزى ئوخشايدۇ ئالتۇن بىلەن كۈمۈشكە،
ئۇلار چوڭىكى، ئۆگەنگەن ئىتىزلارنى سۆيۈشكە.
ئىتىزلارنى سۆيگەنلەر سۆيۈشمىسۇن نېمىشكە؟
تويدا پولۇ يېسەكمۇ ئۇنتۇمايلى دېھقاننى.

يالغان ئېيتقۇم يوق مېنىڭ، دېھقان بېيىپ كەتتى دەپ،
قوغۇن كەبى ئۇچ تارتىپ، پېلەك يېيىپ كەتتى دەپ؛
لاپ ئۇرمايمەن ئۆلسەممۇ، قوش-قوش كىيىپ كەتتى دەپ،
يالغان خەۋەر ئۇقساقمۇ ئۇنتۇمايلى دېھقاننى.

موتو، پىكاپ ئالامدۇ دېھقان تۈگەل باي بولسا،
خىشتىن ساراي سالامدۇ، دېھقان تۈگەل باي بولسا؛
كۈندە دۇتار چالامدۇ دېھقان تۈگەل باي بولسا،
شۇڭا كۆكتە ئۇچساقمۇ ئۇنتۇمايلى دېھقاننى.

بايلىرى بار بىر نەچچە، نامراتلىرى ئون نەچچە،
چايىنىمامدۇ كۈندە گۆش دېھقان ئەگەر قول يەتسە؟
ئارمانلىرى ئۇلارنىڭ تۈگىمەيدۇ سۆزلەنسە،
كىر چايقىساق-سىقساقمۇ ئۇنتۇمايلى دېھقاننى.

باي بولىدۇ شۇلارمۇ ئازايغاندا سىلىقى،
قايغۇسىدىن نەق پۈلنىڭ قۇتۇلغاندا ئېرىقى.
باي بولىدۇ قۇشقاچتىن قۇتۇلغاندا تېرىقى،
ئەگەر ئايغا چىقساقمۇ ئۇنتۇمايلى دېھقاننى.

بۈگۈن نورۇز، دېھقانغا شائىر سالام بېرەر كۈن،
جىمى كۈندىن بۇ كۈننى دېھقان ئەلا كۆرەر كۈن.
ئەھلى ئەمگەك ئېتىزنى سېغىنار كۈن، سۆيەر كۈن،
شۇڭا كۆكتە ئۇچساقمۇ ئۇنتۇمايلى دېھقاننى.

2002-يىل 8-مارت، غۇلجا

# يىللار ئارا

قولۇمدىن تارتسا سۆرەپ كۆنلەر مېنىڭ،
كەينىمدىن ئايلار يەنە ئىتتىرىپتۇ.
ھەپتىلەر قوغلاپ ھايات قەلئەسىدىن،
يەسىللەر ماڭا كېپەن پۈتكۈزۈپتۇ.

كەينىمگە تارتىشقىنىم راستتۇر مېنىڭ،
تىرەجەپ باققىنىممۇ ھەر قەدەمدە.
دادامغا نېمە دەيمەن بۈگۈن كەتسەم،
بۇ بېشىم قالدى شۇڭا قايغۇ-غەمدە.

قايرىلىپ باققان ئىدىم ئىزلىرىمغا،
كۆنلەرنىڭ سىنىقىدا بولۇپ قالدىم.
ئالغىنىڭ نە؟ دېگەندە چاپچىغانتىم،
بەرگىنىڭ نە؟ دېگەندە تۇرۇپ قالدىم.

جىم بولۇپ قالدى ئاغزىم شۇنى ئويلاپ،
ئۆزۈمنى ئېيتالمىدىم گۇناھسىز، دەپ.
ئۆمرۈمدىن ئەمدى قوقاس چوخچىلايمەن،
سەۋەنلەر چىقتى يۈگۈرۈپ: مانا بىز! دەپ.

كەينىمگە تارتىشقىنىم شۇنىڭدىندۇر،
قىلمىغان تالاي ئىشىم چالا قالدى.
تەلتۆكۈس ئۆرە بولغان مۇنارىم يوق،
سۇ تۇتسام ئاختامامۇ ئالا قالدى.

بىلگۈچە ئاق-قارىنى، ئۆتۈپ كەتتى،
بۇ ئۆمۈر غاپىللىقتا، بىھوشلۇقتا.
چاتقالغا تونۇش تۇرۇپ قىيسىپ قالدىم،
قالغاندەك توشقان تىنەپ قومۇشلۇقتا.

ساۋاقسىز كەلگىنىم يوق شۇ مەنزىلگە،
بۇ شۇنداق ئارمىنى كۆپ جاھان ئىكەن.
بۆگۈنىنىڭ راھىتىنى دېگەن بىلەن،
ئەتىنىڭ پۇشايمىنى يامان ئىكەن.

يىل بىلەن يىل ئارىسى ئۇزاق بىر يول،
قىش مىجەز، باھار مىجەز ئادەملەرمۇ.
سەۋەنلەر بۇزدى تالاي لەۋزىلەرنى،
ئەپسۇستا بېقىپ ياتتى ئانا يەرمۇ.

ياشايدۇ جىق ئادەملەر ئىخلاسىدا،
تەڭرىدىن تەل بولماقنى تەمە قىلىپ.
ئاغرىدىن توختىمايدۇ ئەسلا دۇرۇت،
بارىدۇ بىللە يەنە گۇناھ قىلىپ.



ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىر ئادرېسى

بارچىدىن ياخشى سۆزنىڭ موللىسى كۆپ،
توختىماس نەسىھەتكە قويۇپ بەرسەڭ.
سەن بىلەن بىلىپ تۇرۇپ بىللە يەيدۇ،
ئوغرىلاپ بىرەر كالا سويۇپ بەرسەڭ.

كۆكتىكى غازمۇ باقماس غادايغانغا،
جاي نەدە قەلبلەردىن تەكەببۇرغا؟
ئەل سۆيمەس ئۆزى ئۈچۈن ئوتلىغاننى،
پۈركەيدۇ ئەجرىلىكلەر ئەلنى نۇرغا.

گۈل ھۆسن بەرگەن بىلەن گىرىم ساڭا،
گۈل ھىدى بېرەلمەيدۇ ھېچكىمگىمۇ.
توز يەڭلىغ ياسانغىنىڭ مەرىپەتسىز،
يارىماس بۇ دۇنيادا ئۈچ كۈنگىمۇ.

ئۆزگىلەر ئەستىن چىقتى بىر ئۆزۈڭدىن،
تاپقىنىڭ شۇ بولدىمۇ بايلىق يىغىپ؟
سەن گويا جان يولاتماس تەپكەك كالا،
ئىچكۈلۈك ئەللەر سېنى قانداق سىغىپ؟

ناخشىنى يېڭىۋاشتىن ئېيتالايسەن،
ئۆمۈرنى كىم بار قايتا باشلىيالىغان؟
زەررىچە ھۇزۇرى يوق ئەلگە بەرگەن،
نۇرسىزلار نەدە بىر قىر ئاشالىغان؟

شۇلارنى بىلىپ تۇرار ئىنسان دېگەن،
شۇلاردىن بىلىپ تۇرۇپ خالىي ئەمەس.
بارىدۇ ئۆمۈر شۇنداق يىللار ئارا،
گۈل ئاچماي تۈمەنلىگەن ئارزۇ-ھەۋەس.

يەپ قالسۇن ئارمىنىڭنى كەينىڭدىن ئەل،
— ۋاي ئىسىت، كېتىپ قالدى بىر ئالتۇن! دەپ.
ياشايلى ئەڭ بولمىسا بىر تال چوغدەك،
يۈرەكلەر بىر-بىرىدىن ئوت ئالسۇن! دەپ.

تۆت مىنۇت سۆزلەپ قالدىم يىل بېشىدا،
ئېھتىمال، سورىغىنىم كونا خامان.
ياشىسۇن ھەركىم بولسا دەيمىز، لېكىن،
ئەڭ ئاۋۋال ئەجرىلىكلەر بولسۇن ئامان!

2001-يىل 27-دېكابىر، غۇلجا

## ئۈچ شېئىر

### سېنى كۆرگەن چۈشۈم ياخشىكەن

سېغىنىشمۇ بىر كېسەل بولدى،
بۇ كېسەلگە دىدارىڭ داۋا.
ھىجران مېنى ئۆلتۈرەي دېدى،
ۋىسال ماڭا ئەمەسمۇ راۋا؟

ئەلدىن سوراش ئۇياتقۇ سېنى،
سورىماسقا قويمىدى كۆڭلۈم.
ئۇچۇرىڭنى ئالسام ناۋادا،
سەن كەلگەندەك يايرىدى كۆڭلۈم.

يارسىز ئۆتكەن باھاردىن، يازدىن
يارنى كۆرگەن قىشىم ياخشىكەن.
سەندىن جۇدا يۈرگەن كۈنلەردىن،
سېنى كۆرگەن چۈشۈم ياخشىكەن.

46

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# سىياقىڭ زايە بولمامدۇ

كېچىدە يانمۇ يان مېڭىپ،
قولۇمنى تۇتقىنىڭ يالغان.
ئۆيۈڭدىن چىققىنىڭ راستتۇر،
مېنى دەپ چىققىنىڭ يالغان.

مېنى دەپ چىققىنىڭ بولسا،
ئۇچاغدا شايى بولمامدۇ؟
ئۇچاغدا بولمىسا شايى،
سىياقىڭ زايە بولمامدۇ؟

ئېگىز ئاسماندىكى ئاينى
ساڭا ئۇخشاتمىغان كىم بار؟
كۆرۈپ ھۆسن-جامالىڭنى،
كۆيۈپ ئۇھ تارتمىغان كىم بار؟

تىكەندىن زەخم يەتمەيتتى،
قولۇمدا پەلىيم بولسا.
يۈرەمدىم ھەركۈنى تەنھا
سېنىڭدىن تەلىيم بولسا.

سىياقىڭ زايە بولمامدۇ
كۆرۈنگەن ئەل بىلەن يۈرسەڭ؟
مېنى سەن قالمىغىن ئۇنتۇپ،
ئەگەر تۆندە خىيال سۈرسەڭ!

## كوچىلارغا چىقما، ئەزىزىم

كوچىلارغا چىقما، ئەزىزىم،
كوچىلارنىڭ گەپ-سۆزى يامان.
بىرلىرىنىڭ تىلىدا تىكەن،
بىرلىرىنىڭ سەت كۆزى چايان.

بىرلىرىگە زىلۋا قامىتىڭ
كۆرۈنىدۇ قىزىل گۈل بولۇپ.
بۇ كوچىدا تىل تەگمەس، دېمە،
تىلغا قاچان سېلىنغان قۇلۇپ؟

چىرايلىقنى كۆرسە كوچىدا،
كىم بار دەيسەن سۆزلىمەيدىغان؟
كىم بار دەيسەن لېۋىنى تامشىپ،
چىرايلىقنى كۆزلىمەيدىغان؟!

كوچىلارغا چىقما، ئەزىزىم،
كوچىلاردا ئېزىتقۇ يامان.
قانداق يۈرەي سېنى ئەگىشىپ،
قايدا بارساڭ قايتىپ كەل ئامان!

2001-يىل 15-ئۆكتەبىر



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## روزى سايىت تۇتقان قەلەم قولۇمدا
(شائىرنى ئەسلەپ)

ئالتۇن تۇگمە بولمىسىمۇ تونۇمدا،
روزى سايىت تۇتقان قەلەم قولۇمدا،
ئايرىلمايمەن چۆشۈمدە ۋە ئوڭۇمدا،
روزى سايىت تۇتقان قەلەم قولۇمدا.

دېهقان تامان تارتىپ تۇرار قەلىمىم،
ئېتىزلارغا سۆرەپ تۇرار قەدىمىم.
ئاددىي قەغەز، ئاددىي سىياھ تەلىپىم،
روزى سايىت تۇتقان قەلەم قولۇمدا.

شۇ قەلەمدەك ئىشچان قەلەم كەم تېخى،
ئىشچانلىقتا بىزمۇ تالاي خام تېخى.
«شائىر» دېمەك بىزدە قۇرۇق نام تېخى،
روزى سايىت تۇتقان قەلەم قولۇمدا.

يىغلىغىنىم دېهقانلارنىڭ يىغىسى،
دېسەڭ مەيلى: يىغلىغىنىڭ نېمىسى؟
چۈنكى، دېهقان شېئىرىمنىڭ تېمىسى،
روزى سايىت تۇتقان قەلەم قولۇمدا.

خوتەنلىككە ياققىنىمۇ شۇ قەلەم،
تەڭرىتاغنىڭ باققىنىمۇ شۇ قەلەم.
ئەلدىن ئابروي تاپقىنىمۇ شۇ قەلەم،
روزى سايىت تۇتقان قەلەم قولۇمدا.

ئەلدىن ئازماق بىزگە گۇناھ-ئەيىبتۇر،
ئەل سۆيمىگەن شائىر قەلبى مېيىپتۇر.
ئەل يولىدا كەتكەن شائىر شېھىتتۇر،
روزى سايىت تۇتقان قەلەم قولۇمدا.

شۇلار بىلەن بىللە مېنىڭ تىنىقىم،
سۇ ئىچەرگە بىللە قۇدۇق، ئېرىقىم.
بىللە مېنىڭ تەرگەن بۇغداي تېرىقىم،
روزى سايىت تۇتقان قەلەم قولۇمدا.

ئاچ قالىمەن ئاچ قالغاندا شۇلارمۇ،
تاسقىلىمەن تاسقالغاندا شۇلارمۇ.
باي بولىمەن باي بولغاندا شۇلارمۇ،
روزى سايىت تۇتقان قەلەم قولۇمدا.

سۇ توشۇيمەن شۇلار تىككەن گۈللەرگە،
ئۇخشىتىمەن قىزلىرىنى ھۆرلەرگە؛
يامغۇر سۆزلۈك ياخشىلارنى كۈيلەرگە،
روزى سايىت تۇتقان قەلەم قولۇمدا.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىڭى ئادرېسى

شائىر ئۇلۇغ كۆيچىسىدى خەلقىمنىڭ،
دوستى ئىدى خەلقىم دېگەن ھەر كىمنىڭ.
تەسەللىسى يىغلاپ قالغان خەلقىمنىڭ،
روزى سايىت تۇتقان قەلەم قولۇمدا.

شۇ قەلەمدىن ھۇزۇر ئالغان دىل تولا،
شۇ قەلەمنى تەرىپلىگەن تىل تولا،
شۇ قەلەمگە ھېرىس تولا، خىل تولا،
روزى سايىت تۇتقان قەلەم قولۇمدا.

شۇ قەلەمدە ئۇ يازغاندەك يازماق تەس،
ئۇ يازغانلار قىلدى مېنى بىھوش-مەس.
ئۇ يازغاندەك يازالمىسام باسار نەس،
روزى سايىت تۇتقان قەلەم قولۇمدا.

سۇنۇلغاندەك گۈدەك قولى قەنت ئۈچۈن،
بېرىۋەتتىم بۇ كۆڭۈلنى ئەل ئۈچۈن.
شۇ ئەمەسمۇ بايلىق دېگەن مەن ئۈچۈن،
روزى سايىت تۇتقان قەلەم قولۇمدا.

چاتقۇم كەلمەس شائىرلىقنى شۆھرەتكە،
ئوخشىتىمەن ئۇنى ئۇلۇغ مېھنەتكە.
يېزىۋالاي، كېلىڭ دوستۇم، سۆھبەتكە،
روزى سايىت تۇتقان قەلەم قولۇمدا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

بولغان بىلەن بانكىلار-يا پۇلۇم يوق،
ئەمىلىم يوق، پىكاپىم يوق، يولۇم يوق.
بولغان بىلەن مېنىڭ ئۇزۇن قولۇم يوق.
روزى سايىت تۇتقان قەلەم قولۇمدا.

سەھرالاردا شېئىرىمنىڭ يىلتىزى،
شەھەرلەردە مەنزىلىمنىڭ يۇلتۇزى.
يۇرت تەقدىرى ــ تەقدىرىمنىڭ دەل ئۆزى،
روزى سايىت تۇتقان قەلەم قولۇمدا.

شۇ قەلەمنى يوقاتمايمەن، ساقلايمەن،
زوُرلۇر چاغدا دۈشمەنلەرگە ئوقلايمەن.
شۇ قەلەمدە قەبرىسنى يوقلايمەن،
روزى سايىت تۇتقان قەلەم قولۇمدا.

ئېزىتقۇغا ئېزىقتۇرماس پوست ماڭا،
دېھقان بىلەن يەر ھەيدىسەم قوش ماڭا،
نەگە بېرىپ نەدە تۇرسام دوست ماڭا،
روزى سايىت تۇتقان قەلەم قولۇمدا.

قەرزدارمەن قىلغانلارغا قەدرىمنى،
داڭلىمايمەن ھەرگىز-ھەرگىز ئەجرىمنى.
سەن بىلمەيسەن، ئەل بىلىدۇ سەبرىمنى،
روزى سايىت تۇتقان قەلەم قولۇمدا.

53

ئۇ سۆيگەننى سۆيەي دەيمەن ئۆلگىچە،
سۆيەي دەيمەن بوستانلاردىن چۆلگىچە.
نۆۋەت كېلىپ ئەلمۇ مېنى كۆمگىچە،
روزى سايىت تۇتقان قەلەم قولۇمدا.

2001-يىل 15-ئۆكتەبىر، غۇلجا

# ئەركىلىكنى كۆتۈرمەس دۇنيا

ئويىنىساقمۇ ئويلاپ ئويىنايلى،
كۆپ ئويۇننى كۆتۈرمەس دۇنيا.
مىزانى بار ئەركىلەشنىڭمۇ،
ئويۇن بىلەن كۆكەرمەس دۇنيا.

شاراب ئىچكەن شەرەپ-شان ئەمەس،
راھەت دېمە كېكەرگىنىڭنى.
ئانا ئېلىڭ كۆرۈپ خۇش بولسۇن،
سېنىڭمۇ يۈك كۆتەرگىنىڭنى.

ئەل قەلبىدە ئاقىلنىڭ ئورنى،
گۆھەر دەيدۇ زېرەكنى دۇنيا.
جىق بولسىمۇ ئورماندا دەرەخ،
خىللايدىكەن كېرەكنى دۇنيا.

ئەھلى مەردكە باغرى بىپايان،
نامەردلەرگە جازاسى تەييار.
قىلىچى بار غايىب قولىدا،
مەلئۇنلارغا قازاسى تەييار.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىڭى ئادرېسى

ئاسان ئەمەس ياشاش ئۆزىمۇ،
دۇنيا دېگەن گويا پىلسىرات.
ياشالىساڭ يالقۇنلاپ ياشا،
ياشالمىساڭ توۋلىما «پەرياد!».

2002-يىل 15-فېۋرال، غۇلجا

uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغى ئادرېسى

## بىرى ئىچ ئات، بىرى يانداق جۈپلەر مىسالى، داۋان ئاشماي كۆرۈنگەيمۇ مەنزىل نىشانى

(شېئىرلار)

### ئايرىلسام كۈتتۈڭ

ماڭلىيىڭغا سۆيۈپ قويسام، مەڭزىڭنى تۇتتۇڭ،
سۆيۈپ قويدۇم، مەڭزىڭ بىلەن مەيلىمنى ئۇتتۇڭ.
لەۋلىرىڭمۇ لەۋلىرىمگە بولدى ساھىبخان،
بىزگە زۆرۈر بىر داستاننى، دېمەك، سەن پۈتتۈڭ.

شۇلار بىزگە ياشلىق بەرگەن يالداما بولدى،
يىراق كەتسەم ئىزدەپ باردىڭ، ئايرىلسام كۈتتۈڭ.
قۇشقاچلارنى ھۇشقىتسامۇ پەرۋا قىلمىغان،
گۈلۈم، مېنى چوكۇلدىتىپ سۆيۈپ ئۈركۈتتۈڭ.

تەگرى بەرگەن تەلەي دېدىم مۇنداق جۈپلۈكنى،
يەردە بولسام يەردە بولدۇڭ، ئۇچسام تەڭ ئۇچتۇڭ.
شۇڭا دەيمەن ئۆز-ئۆزۈمگە: كېرىلمە ئارتۇق،
ئەڭ ئاۋۋىلى يارىڭ بولغاچ شەرەپ-شان قۇچتۇڭ!

## بۇ ھاياتقا كۆلكە بىلەن غەشلىك نۆۋەتچى

نەدە خالىي ئۆتكەن دەيسەن دوقالدىن باھار،
گاھ كۆكلەمدە دالالارنى باسقانغۇ ئاق قار.
بىراق قۇياش ھارارىتى قوغلايدۇ جۇتنى،
بولىۋېرەر تەبىئەتكە باھار ئۆزى يار.

ئازمۇ ساڭا مەن سۆزلىگەن شۇنداق قىسسىلەر،
سەن شۇلارنى بىلمەيدىغان جانان ئەمەسقۇ؟
بوران چىقسا يىقىلامسەن بىرەلمەي بەرداش،
بەرداش، دېگەن باتۇرلارغا شۇنچىلىك تەسمۇ؟

كۆرۈپ قالدىم قانچە قېتىم كۆز ياشلىرىڭنى،
ناماز شامدا ئىت ھاۋشىسا ئوقۇيسەن دۇرۇت.
نەدە كۆردۈڭ ھەر كۈن ئۇنداق ئوچۇق ئاسماننى،
بىلمەيتتىڭمۇ: گاھى ئوچۇق، گاھىدا بۇلۇت.

«سىز» دېگەنلەر «سەن» لەيدىغان ئىشنى يوق دېمىسەن،
ئايلىنىسەن گاھ تويۇقسىز سەنمۇ يامانغا.
بۇ ھاياتقا كۈلكە بىلەن غەشلىك نۆۋەتچى،
غەشلىك تولا، ئىش تۇتمىساڭ بېقىپ زامانغا.

چۆچۈپ كەتمە چاقسا چاقماق گۈلدۈرلەپ ئاسمان،
كۆنۈپ كەتتى ئىنسان تۇگۇل ئاگا قۇشلارمۇ.
قۇشلارچىلىك بولالمساڭ ئۇياتقۇ، سەتقۇ،
خۇمدان كۆرمەي پىشقان ئەمەس قىزىل خىشلارمۇ.

تورنۇپ تۇرار كوچىلاردا چاڭ-توزان دېگەن،
غايىب بولماس چاڭدا ئەمما سېنىڭ مەنزىلىڭ.
مۆلدۈر تۇگۇل تاش ياغسىمۇ تەۋرەنمە، يارىم،
ياقتۇرمايدۇ تەۋرەنگەننى ۋەتىنىڭ-ئېلىڭ.

يازغىنىم يوق دەپتىرىمگە «ئۇلۇغ ياشاش» دەپ،
بىراۋلارنىڭ قاپىقىغا قاراپ ياشاشنى.
قالاپ بىرەي بوراندىمۇ ئوتنۇڭنى ئۆزۈم،
ئىككىلەنمەي قازىنىڭغا سېلىۋەر ئاشنى.

كوچىدىكى گەپ-سۆزلەرنى تىڭشاۋەرمىگىن،
ئەلمىساقتىن غەلۋە تولا جاھان دېگەندە.
تۇتقان يولۇڭ دۇرۇس بولسا تەشۋىش نەھاجەت،
ئەقىل بولسۇن ئەڭ ئاۋۋىلى جانان دېگەندە.

ئۈششۈك تەگسە تېگەر بەلكىم تۆت تال غورىغا،
نەدە كۆردۈڭ جىمى باغنىڭ ئۆلگەنلىكىنى؟
ئادەم دېگەن قەيسەرلىكتە جاكار قىلمامدۇ،
بۇ ھاياتنى چىن يۈرەكتىن سۆيگەنلىكىنى!



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىڭى ئادرېسى

جان توشامدۇ ياشىغانغا دەككە-دۈككىدە،
مەن ئۇسسۇلغا تارتتىم سېنى، تارتىنماي ئوينا.
بىز كۆزلىگەن چوققىلارغا بىللە چىقالماي،
توزۇپ كېتىپ، مېنى، گۈلۈم، ئارماندا قويما!

## ئېتىزلارنى سۆيمەكچىمەن سېنى سۆيگەندەك

يۇر، ئەزىزىم، كۆز تۇتۇپتۇ ئېتىزلار بىزگە،
بىز بارمىساق بولمايدىكەن باھار كەلگەندەك.
بىز تارتمىساق چۆنەكلەرنى مۇشۇ باھاردا،
بولمايدىكەن دېھقانلارمۇ قوغۇن تەرگەندەك.

ئۇزاق بولدى ئېتىزلاردىن دىدارسىز قالدۇق،
بىلدىڭمىكىن، شۇڭا مېنىڭ ھەر يىل كۆڭلۈم غەش.
سەت ئەمەسمۇ ياز كەلگەندە تاغدا يايلىساق،
قىش كەلگەندە كۈتۈۋالسا بىزنى ئىسسىق مەش.

قولتۇقلىشىپ بىز شەھەرگە كىرگەندىن بۇيان،
جىسمىمىزدا سۇسلاپ كەتتى سەھرا سۆيگۈسى.
ئاسمان پەلەك بىنالارنى سالغان بىلەنمۇ،
دېھقانلاردىن ئايرىلالماس ۋەتەن كەلگۈسى.

ئېتىز دېگەن جىمى ئىنسان سۆيۈپ كەلگەن جاي،
مەنمۇ سۆيگەن سېنى تېخى سۆيمىگەن چاغدا.
بىلىپ تۇرۇپ ئېتىز پەسلى كەلگەنلىكىنى،
ئويناپ يۈرسەك ئۆيات ئىشقۇ چىرايلىق باغدا.

مەن سۆزلىگەن ھالاللىقنى بىلىدۇ ھەركىم،
شۇ ئېتىزلار ھالاللايدۇ چۆنكى ھاياتنى.
ئەمگەكچىنىڭ قاتارىدىن ئايرىلمىغانلار
شۇندىن تاپقان پاكلىق دېگەن ئۇلۇغ ساۋاتنى.

دەل شۇلارنىڭ ئۆز بالىسى ئىدۇقۇ بىزمۇ،
ئۆگەيلىكنى يىراقلىشىپ ئۆزىمىز تاپتۇق.
يۈر، ئەزىزىم، ئىككىمىزگە شۇمۇ ئاز ئەمەس،
سېغىنىشنىڭ ئازابىنى يەتكىچە تارتتۇق.

ئىچ-پەش تارتىپ بىز يۈرگەندە، شۇلار ئەمەسمۇ
تويلۇق سالماي سېنى ماڭا چېتىپ قويغانمۇ؟
شۇلار بولماي كىم بولاتتى بىزنى بالام، دەپ،
بالىمىزغا چىرايلىق ئات تېپىپ قويغانمۇ؟

يۈر، ئەزىزىم، شۇ ئىشلارنى كېۋەزلىكلەردە
شۇلار بىلەن يېڭىۋاشتىن پاراڭلىشىمىز.
بۇغداي پىشسا كومباينىنىڭ كەينىدە بىز بار،
بۇ بىر يازنى شۇلار بىلەن تاماملىشىمىز.



ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

يۇر، ئەزىزىم، كۆز تۇتۇپتۇ ئېتىزلار بىزگە،
بىز بارمىساق بولمايدىكەن باھار كەلگەندەك.
ئەجەبلەنمە، يېگىۋاشتىن كەتمەننى ئالسام،
ئېتىزلارنى سۆيمەكچىمەن سېنى سۆيگەندەك.

## بىرى چايدۇر، بىرى قەنت-ناۋات

بىرى ئىچ ئات، بىرى يانداق جۇپلەر مىسالى،
داۋانلارنىڭ ئارقىسىدا مەنزىل-نىشانى.
ھارۋىسىنى سۆرەپ كېلۇر بىللە تۇرمۇشنىڭ،
ئەمەس ئىكەن بىراق ھايات قىسمەتتىن خالىي.

بىللە بارار ئېتىزلارغا تاڭدا، سەھەردە،
بىللە قايتار بالدۇر قايتسا نامازدېگەردە.
ئۇزىتىدۇ يازنى شۇنداق ئېتىز يولىدا،
باغلىغاندەك ئىككى بەلنى بىر تال كەمەردە.

ئېتىز شاھىد شۇ جۇپلەرنىڭ ساداقىتىگە،
ئۇلاردىكى ساداقەتلەر يەتتى چېكىگە.
كەتمەن بىلەن مۇھەببەتنى تاۋلار ئاشىقى،
مەشۇقىمۇ ئەمەل قىلىپ ياشار گېپىگە.

پىيالىدا بىرى چايدۇر، بىرى قەنت-ناۋات،
مۇشكۇللەرگە بوي بەرگەيمۇ بۇ يەڭلىغ هايات؟!
پەرزەنتلىرى ئۇن يېشىدا پىشتى ئەمگەككە،
ئاتا-ئانا ئارزۇسىغا بولۇپ قول-قانات.

قوناق ئۇنسە مايسىلارنى بىللە تاقلايدۇ،
كەتمەن تۇتۇپ كېۋەزلەرنى بىللە چاقلايدۇ.
قارلىغاچلار كەلگەن چاغدا تىككەن كۆچەتنەك،
ئېتىزلاردا بىللە كۆكلەپ، بىللە شاخلايدۇ.

قاراپ باققىن گاھ شۇلارنىڭ ئۇستىۋېشىغا،
قىيما بارمۇ قاراپ باققىن ئىچكەن ئېشىغا؟
قورۇق باسقان رۇخسارىغا ئاغرىيدۇ ئىچىڭ،
تەقى-تۇرقى تەڭ ئەمەستۇر كىرگەن يېشىغا.

ئېتىزلارنى سۆيۈپ كەلدى بىر ئۆمۈر ئۇلار،
قىش چىققۇچە ئېتىزلارنى قىلىدۇ خۇمار.
قاچان باقساڭ چىرايىدا گىرىملىرى يوق،
قۇر ئاچقۇزۇپ، بوينىغىمۇ ئاسمايدۇ تۇمار.

هەسرەتلىرى بولغان بىلەن هەسەتلىرى يوق،
ناشۇكۇرلۇك دۇنياسىدا نەسەبلىرى يوق.
ئېتىزلاردىن راهەت ئىزدەپ كەلدى بىر ئۆمۈر،
مەرد ياشايدۇ، بىزدەك ئۇششاق هېسابلىرى يوق.



ئۇيغۇر كىتاب تورېكتى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرىسى

باي بوپقالسا، ئىككىمىزدەك بۇزۇپ چاچمايدۇ،
بەزىلەردەك دوقمۇشلاردا قاۋاق ئاچمايدۇ.
قارىغاي كەبى ھاياتىنىڭ تۆت پەسلى ئوخشاش،
بارچە تەقدىر-قىسمەتلەردىن ھەرگىز قاچمايدۇ.

سەمرىمەيدۇ بەزىلەردەك بىر بۇغداي بىلەن،
جۇدەپ كەتمەس زاغرا يېسە قۇرۇق چاي بىلەن.
ئېيتقىن، يارىم، بىز نېمشقا شۇنداق بولماستىن
يەرنى ئۇنتۇپ بەسلىشىمىز كۆكتە ئاي بىلەن؟

ئۇچراپ قالسا سەندىن ئاۋۋال ئەھۋال سورايدۇ،
يېقىن بارساڭ پۈتۈن جىسمى ئاق نان پۇرايدۇ.
بىللە بولساڭ بولۇپ قالىسەن باشقا بىر ئادەم،
مىشچانلىقنىڭ ھاڭلىرىدىن سېنى تورايدۇ.

ئېتىزلارغا شۇلار بىلەن بارغۇڭ كېلىدۇ،
سەھرالاردا يىلتىز تارتىپ قالغۇڭ كېلىدۇ.
ئالتۇن سۆزلۈك بىر مۇدەررىس تېپىپ ئالغاندەك،
ئاشۇلاردىن كۆندە دەرس ئالغۇڭ كېلىدۇ.

دېھقان دېگەن بىر تائىپە ئاتاڭدەك ئەزىز،
قەلبلەردە تۇرغان جايى بارچىدىن ئېگىز؛
شۇڭا، يارىم، ئۇستاز تۇتۇپ دېھقان جۈپلەرنى،
ئەڭ ياخشىسى ئېتىزلاردىن ئايرىلمايلى بىز.

## بۇلبۇل كەپتۇ بىزنىڭ باغقىمۇ

بىلدىڭمۇ، يار، بۇلبۇل كەپتۇ بىزنىڭ باغقىمۇ،
بايرام بوپتۇ ھەر بىر دەرەخ، ھەر بىر شاخقىمۇ،
قىزىل گۈلنىڭ شادلىقىغا تىلىم يەتمىدى،
بىزنىڭ ئەمگەك ئايلىنىپتۇ كەشپىياتقىمۇ.

چىللاپ كەلدى ئىككىمىزنىڭ ئەجرى بۇلبۇلنى،
بۇ ھۈنەرنى ئىشلىتەيلى قاقاس تاغقىمۇ.
بولۇپ قاپتۇ كۆچەت بوستان، گۈللەر گۈلىستان،
تولۇپ قاپتۇ باغ ئەتراپى خۇش پۇراققىمۇ.

باھار بىلەن كەلگەن قۇشلار بىزدىن مىننەتدار
ھېرىس ئۇلار بىزنىڭ ئۇشبۇ ئىشتىياققىمۇ.
خوپ ياراشتى ساڭا غۇرۇر، ماڭا ئىپتىخار،
ئىگەر-توقۇم ياراشقاندەك ياخشى ئاتقىمۇ.

بىزنىڭ باغنى بىر كۆرگەنلەر قىلىشتى ھەيران،
ياراپ كەتتى مەيلى بىمار، مەيلى ساققىمۇ.
ئاشىق-مەشۇق تەبىئەتنى سۆيگەندە شۇنداق،
ئۆرنەك ئىكەن مەيلى تۇغقان، مەيلى ياتقىمۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر تور بېكىتى

باھار كېلىپ، بۇلبۇل كېلىپ بىزنىڭ بېغىمىز،
گۈللەر بىلەن ئوخشاپ كەتتى سەيلىگاھىمىز.
تەگرى ئەگەر تەسىرلەنسە بىزدىن، ئامرىقىم،
ئەجەب ئەمەس قايتىپ قالساق ياشلىق چاغقىمۇ!

2002-يىل 15-ئاپرېل، غۇلجا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرىسى

# ئۇيغۇر تائاملىرى

تائاملارغا خاندۇر ئۇيغۇر تائاملىرى،
بىزگە شەرەپ-شاندۇر ئۇيغۇر تائاملىرى.
بولدى لەگمەن جەلپكارى يەر يۈزىنىڭ،
بىزگە ھۆسن-خالدۇر ئۇيغۇر تائاملىرى.

مانتاخۇمار بولۇپ قالدى بىر يېگەنلەر،
جىم بولۇشتى پولۇ پىرى بىز، دېگەنلەر.
ئاشمانتىغا ئاشىق بولدى، مەشۇق بولدى،
تائاملاردىن كۆڭلى ھۇزۇر ئىزدىگەنلەر.

گۆشنان دېگەن تائاملارنىڭ بەگ-تۆرىسى،
تولغان ئايدەك چىرايلىقتۇر چەت-چۆرىسى.
ئەمدى ئېغىز تېگىپ تۇرسا ئەھلى مېھمان،
كىرىپ كېلەر «مەنمۇ بار!» دەپ چۆچۈرىسى.

ئۇيغۇردا بار، ئالەمدە يوق گۆشگىردىمۇ،
بازار تاپتى شاگخەي، بېيجىڭ... ئىچكىرىدىمۇ.
قەدىمدىنلا سامسا ئۇنىڭ قېرىندىشى،
سورىمايدۇ ياز كەتتىمۇ، قىش كىردىمۇ؟

ئەتكەن چايغا جور كېلىدۇ ئاق نېنىمۇ،
بىللە كېلۇر ماي چەيلىگەن قاتلىمىمۇ.
ئۆرگىلىمەن، ئۆينىڭ قايماق يۇتازىسىدىن،
بولماس ئۇنى ھەممە يەردىن تاپقىلىمۇ.

چەينەك شورپا، سامبۇسىنىڭ زوقى باشقا،
نېمە يەتكەي ئاچچىق-چۇچۇك ئۇگرە ئاشقا؟
بېنەملىكتە ئۇنىدىن ئارتۇق تائام يوق، دەپ،
داڭقى كەتتى مەنپەرنىڭمۇ تاغۇ تاشقا.

ئاڭلىغاندەك ئالەم بىزدىن راۋابىنىمۇ،
كۆردى يەنە قوي گۆشىدە كاۋاپىنىمۇ.
كىمنىڭ؟ دېسە كەلگەن مېھمان بۇ ئىجادنى،
ئۇيغۇرنىڭ! دەپ بەردۇق دادىل جاۋابىنىمۇ.

بېھى بىلەن كىشمىش بېسىپ پولۇ ئەتمەك،
قىز مەگزىدەك گىردىلەرگە كۆنجۈت سەپمەك؛
ئاق توقاچلار سىيادانىنى سېلىپ ياققان،
ھۈنەر بىلەن ئاق نانغىمۇ گۈللەر چەكمەك.

ھېيت-ئايەمدە ساڭزا بىلەن ئۆپكە-ھېسىپ،
بوپتۇ يەنە شۇ ھۈنەرمۇ بىزگە نېسىپ.
تۇخۇم پوشكال، شويلىلارمۇ بىزنىڭ ئىجاد،
شۇنچە يازسام قويماق، پۆرە قاپتۇ ئېشىپ.

بىزنىڭ قولدا مۇراد تاپتى نارىن چۆپمۇ،
جىق تائامغا بولدى خورۇچ قايماق، سۈتمۇ.
باھار كەلسە باغدىن قىزلار تېرىپ كېلىپ،
چۆچۈرىگە قارار تاپار بېدە كۆكمۇ.

قەلىمىمدە مىڭ تەرىپى ھەر تائامنىڭ،
چېكىتتىنى قويغۇم كەلمەس «سۆز تامام!»نىڭ.
ھەر تائامنىڭ خىلى تولا، تۈرى تولا،
تەگسە ئېغىز بايرىمىدۇر ئەھلى جاھاننىڭ.

ماھارەتلىك مانتىپەزلەر سايراپ تۇرار،
سامسىپەزنىڭ ئىككى قولى ئويناپ تۇرار.
ئۇيغۇرلارنىڭ تائاملىرى بەرگەن لەززەت،
ئاغزىڭدىن كەتمەي ئايلاپ-يىللاپ تۇرار.

2002-يىل 18-ماي، غۇلجا

## مۇھەببەتمۇ پەرۋىشكە موھتاج

ئۈنگەن بىلەن تەرگەن گۈللىرىڭ،
ئېچىلامدۇ پەرۋىش قىلمىساڭ؟
باھارنىڭمۇ ئۈششۈكلىرى بار،
گۈلۈڭ سولار پەخەس بولمىساڭ.

مۇھەببەتمۇ پەرۋىشكە موھتاج،
گۈلزارى ئۇ ئىككى يۈرەكنىڭ.
بىرى سۆيۈپ، بىرى سۆيۈنگەن،
ۋىسالىدۇر ئارزۇ-تىلەكنىڭ.

جۈپتى بىلەن يارالدى ھايات،
ئەقىدىگە ئايلاندى ۋىسال.
پەرۋىش بولماي ۋىسال نەدىكەن،
ۋاپادارلىق پەرۋىشكە مىسال.

سازلاپ قويغان دۇتار تارىدەك،
نازۇك كېلۇر سۆيگۈ دېگەنمۇ.
قۇلىقىغا تەگمەڭ، ئۆزگىلەر،
قانچە ئەسرار بولغان بىلەنمۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

مۇھەببەتمۇ پەرۋىشكە موھتاج،
سۆيگۈ بىلەن ياشىرار بېغى.
تىنىپ كېتەر تېگى يوق ھاڭلار،
ئېگىزلەيدۇ سۆيگۈدە تېخى.

مۇھەببەتتە باغۋەنىنىڭ بۇرچى
تىكەن ئۈنسە يۇلۇشنى بىلمەك.
چىن ئاشىقنىڭ ئۆلچىمى ئاۋۋال —
يارى ئۈچۈن ئۆلۈشنى بىلمەك.

گۈزەللەردە گۈلنىڭ ھۆسنى بار،
سالما تاشلار شۇڭا يات كۆزلەر.
تىل تەگكەنىنىڭ يولى باشقىدۇر،
ئەڭ يامىنى ئۆسەك گەپ-سۆزلەر.

شاھ تەختىدەك گۈزەل ھۇجرىلار،
نىزالاردا بولمىسۇن بەربات.
ئاغرا چالسۇن سۆيگۈ ھەمىشە،
گۇناھسىز دىل سالمىسۇن پەرياد.

كۆڭۈل دېگەن ئۆزى بىر دۇنيا،
نۇرلانمايدۇ ئالتۇن-كۈمۈشتە.
نەدە بولغان پەرۋىشسىز ۋىسال،
پەرۋىش دېگەن مەڭگۈ سۆيۈشتە.

كىرەك بولسا سۆيگۈگە پەرۋىش،
ئۆز-ئۆزىنى قوغدىسۇن ھەركىم.
بولسا ئىدى قامغاقتا يىلتىز،
كەتمەيتتى ئۇ بوراندا بەلكىم.

2002-يىل 6-ئىيۇن، غۇلجا

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىشى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# ھەر كۈن

چىرايلىق بىر كۈن يەنە كۈلۈپ ئۆتتى،
بىر كۈننى مىليون ئىنسان سۆيۈپ ئۆتتى.
خىلمۇ خىل تىلەكلىرى يانچۇقىدا،
ھەركۈنگە ئالقىنىنى سۇنۇپ ئۆتتى.

ھەركۈننىڭ قىممىتى كۆپ ھايات ئۈچۈن،
دېھقاندەك بىلىكىنى تۈرۈپ ئۆتتى.
كاچاتنى رەزىللەرگە «سوۋغا» قىلىپ،
چاۋاكنى ياخشىلارغا ئۇرۇپ ئۆتتى.

ھەركۈننىڭ ھېكمىتىگە ھەركۈن ھەيران،
چىنپۈتسەڭ، كۈنلەرمۇ كىر يۇيۇپ ئۆتتى.
قولىدا غەلۋىرى بار چەش تاسقىغان،
ھەركىمگە بىردىن بەلگە قويۇپ ئۆتتى.

سەۋەبسىز ئەمەس دەڭلار يىغلىغاننى،
بىر ئۆمۈر، بەلكىم، يانتاق ئورۇپ ئۆتتى.
دۇنيادىن بىغەم بوۋاق ئىڭگەلىسە،
بوۋايلار كونا خامان سورۇپ ئۆتتى.

ئەزەلدىن قىسمەتكە باي ھايات شۇنداق،
بىرىدىن بىرى تەلەي يۇلۇپ ئۆتتى.
جىمىگە مىسال قىلىپ بەش بارماقنى،
تەقدىرگە يەنە گۇناھ قويۇپ ئۆتتى.

مەن يارغان ئوتۇنلاردا قايدا تەلەي،
ئەرزىمەس ئوچاقلاردا كۆيۈپ ئۆتتى.
رەنجىمەن ئۆزۈم تۇرۇپ يەنە كىمدىن،
ھەركۈنى نۇرغۇن ئىشلار بولۇپ ئۆتتى.

2002-يىل 10-ئىيۇن، غۇلجا

## يارالدى بىر مۆجىزە مۇھەببەتتە

ئاخشام مەست قايتىپتىمەن ھۇزۇرۇڭدىن،
ئىشەنسەڭ، يېشىلمىدىم ھېلىغىچە.
ئۇزاتتىڭ مېنى، چۈنكى، سۆيۈپ تۇرۇپ،
«خوش» دېسەم، قويۇپ بەرمەي خېلىغىچە.

خۇدىنى يوقاتقانلار خۇشاللىقتىن،
مەندەك مەست بولسا كېرەك، ئەتىمالىم.
ھېچقاچان سەن سۆيگەندەك بولغان ئەمەس،
مۇھەببەت دۇنياسىدا ئەتىۋارىم.

قانچە رەت ئايرىلغانمىز دىدارلىشىپ،
لېۋىڭگە لېۋىم ئەمما تەگكەن ئەمەس.
يۈرىكىم ياشلىقىمنىڭ تارىخىدا،
ھېچقاچان مۇنداق خۇشال تەپكەن ئەمەس.

«خوش» دېسەڭ، خوش، دەپ تەستە ئايرىلاتتىم،
ھەر قېتىم بىر چوڭ ئىشىم چالا قېلىپ.
قولۇڭنى تۇتالماستىن ئايلار ئۆتتى،
يۈرەتتىم ساق يۈرەكنى يارا قىلىپ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن بىر ئادرىسى

سەن بۈزدۈڭ شۇ پەرىزنى ئاخىر، گۈلۈم،
بىر يولى قىلىچ ئۈردۈڭ تارتىنىشقا.
ۋاي ئىسىت، يىگىت تۇرۇپ نەچچە ۋاقتىن،
سەنچىلىك بولالمىدىم مەن نىمىشقا؟

سۆيۈشنى سەن باشلىدىڭ بۇ سۆيگۈدە،
سۆيەتتى، دىمەي، ئاۋۋال قىزنى يىگىت:
يادىمدىن چىقتى ساڭا: خوش! ئېيتقىنىم،
بوينۇمنى سۆيۈشكەنچە بەردىم ئىگىپ.

قوغلاندى ئارىدىكى قورۇنۇشلار،
لەۋلەردىن ھەر ئىككىمىز ئىچتۇق شاراب.
ئېھتىمال، مەست بولغىنىم شۇنىڭدىندۇر،
ساڭىمۇ، سۆيۈۋىدىم كەتتىم ياراپ.
*
ئاخشام مەست قايتىپتىمەن دەرگاھىڭدىن، 76
ئايرىلىپ قۇچىقىڭدىن مۇھەببەتتە.
يىگىتتىن ئاۋۋال قىزلار ئۆزى سۆيۈپ،
يارالدى بىر مۆجىزە مۇھەببەتتە.

2002-يىل 22-ئىيۇل، غۇلجا

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكسى ئادرېسى

# باشلىنار قۇتلۇق ئىشىم سەھەرلەردىن

ھەر سەھەر ئويغىنىمەن بىر سۆيگۈدە،
ئانامدىن يېڭىۋاشتىن تۇغۇلغاندەك.
نۇرلاردىن چېچىلىدۇ رىزقىم مېنىڭ،
سېخىيلار كەپتەرلەرگە چاچقان داندەك.

تەبىئەت تەبرىكلىدى ئەتىمالىم،
قۇشلارغا ئارىلىشىپ كەتكىنىمنى.
بىلمەيمەن، شۇ سەھەردىن ئۇچۇپ بېرىپ،
كىملەرنىڭ ئىشىكىنى چەككىنىمنى.

ھەركۈننى سۆيمىگەنلەر سۆيۈنمەيدۇ،
مەن كەبى سەھەرلەرگە سەۋدايىدەك.
باشلىنار قۇتلۇق ئىشىم سەھەرلەردىن،
ھەركۈنگە ئۆزۈم قۇلمەن، ئۆزۈم دېدەك.

ئۇنتۇيمەن تۈنۈگۈنكى سەۋەنلەرنى،
تۇرغاچقا ھەربىر سەھەر مېنى سۆيۈپ،
ئوخشايدۇ شۇ سەھەرنىڭ سۆيگۈسىگە،
ياشلىقتا يۈرگەنلىرىم يارغا كۆيۈپ.

قىزىرىپ چىقار قۇياش شۇ سەھەردە،
قۇتلايدۇ ئاۋۋال نۇرلۇق ئۇيۇق مېنى.
باشلىنار تەزكىرىسى يېڭى كۈنىنىڭ،
گۈل تۇتۇپ كۈتۈۋالار ئۇتۇق مېنى.

ھەركۈنى گۈزەل ئۆتسە ھەر ئادەمنىڭ،
ئۆمرىدە كىم كۆرىدۇ قايغۇ-غەمنى؟
مەندىكى گۈزەل تىلەك شۇ ئەمەسمۇ،
دۇنيادىن كىم تىلەيدۇ دەرد-ئەلەمنى؟

مىڭ ئىخلاس يۈرىكىمدە ھەر سەھەرگە،
قۇياشقا تاۋاپ قىلغان ئەجدادلاردەك.
ئۆگىنىپ قاپتۇ شۇنداق، ئۇزاقلاردىن —
بۇ كۆڭلۈم سەھەر دېسە، بايرام باردەك.

ئۆزگىنى ئويلىمايمەن ھەر سەھەردە،
ھەركۈنىنىڭ ياخشى-يامان تەقدىرىدىن.
ياخشى قۇر تاشلىيالمىسام، كۈندىن ئەمەس،
كۆرۈڭلار قەلىمىمنىڭ ماغدۇرىدىن.

يېڭى بىر ناخشا ماڭا ھەر بىر سەھەر،
كىم يازغان تېكىستىنى؟— سورالمايمەن.
مىڭ شېئىر يازغان بىلەن شائىرلىقتا،
بەربىر سەھەرلەردەك بولالمايمەن.

پەيزىمنى بۇزما، يارىم، تاڭ ئاتقاندا،
سۆيۈشۈپ تۇرغىنىمدا سەھەر بىلەن.
ئاختۇرما دەپتىرىمنى شېئىر ئىزدەپ،
ئەمەسمۇ ئۆزى شېئىر سەھەر دېگەن.

2002-يىل 22-ئىيۇل، غۇلجا

# ياخشى بولساڭ

تىلاۋەتكە ھەقلىقمىز، ھەقمىز،
ھەركىم ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەشكە.
تىلەكتىمۇ تىلەك بار، بىراق،
ئامراق ئەمەس بىزلەر كۆمەچكە.

ياخشى ئۆمۈر ياخشى كۈنلەردۇر،
كۆڭۈللەرنىڭ ئىزدەپ يۈرگىنى.
ئەزىزلىكتۇر ئادەملەردىكى
بىر-بىرىنى «سىز» دەپ يۈرگىنى.

قەدىرلەنمەك قەددىڭ سۇلغاندا،
ياخشى ئۆتكەن ئۆمرۈڭدىن دېرەك.
ئۇھ تارتمىغىن ئارقاڭغا قاراپ،
بولدى بالاڭ سەندىنمۇ زېرەك.

پۈرىقى بار ئەلگە ئىپاردەك،
ئىزلىرىدا گۈلى بارلارنىڭ.
(سەۋەبىمۇ ئاۋۋال ئۆزىدە،
ئۆز ئىلىدە خارۇ زارلارنىڭ)

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

ئاسان ئەمەس ياخشى ياشىماق،
ئېرىشمەك ھەم ياخشى ئاتاققا.
ئوخشىغۇم يوق مېنىڭمۇ ھەرگىز،
بۇلبۇل ئۇۋا سالمىغان باغقا.

ياخشىلارغا خۇشتار بۇ جاھان،
ئاڭا يەنە شادلىق تىلەيدۇ.
گۈل بېشىنى ئايلىنىپ ئامەت،
تۆندە بەخت بىللە تۈنەيدۇ.

ياشىغانچە ياشىنىغۇڭ كېلۇر،
كېچەلمەستىن شۇنداق ئۆمۈردىن.
ياخشى بولساڭ، خەلقىڭ يۈرىكى،
چۆشۈرمەيدۇ ياد ئېتىپ تۆردىن.



بۇ دۇنياغا بىر كەلدۇق، دوستلار،
گاھ ساھىبخان، گاھ بولۇپ مېھمان.
ئەل قاقشىغان دۆلىتى شاھتىن،
دېھقان ياخشى ھالال ياشىغان.

2002-يىل 17-ئاۋغۇست، غۇلجا

# ئالتۇن ساقا ئويىنىغان بالا

تۇلپارىڭنىڭ ئۇچۇرى بارمۇ،
ئۆزى نەدە، تاقىسى نەدە؟
ئالتۇن ساقا ئويىنىغان بالا،
ئۆزى نەدە، ساقىسى نەدە؟

ئالتۇن ساقا ئويىنىغان بالا،
يامانلارنىڭ بولدى يامىنى.
ئەر يەتكەندە ئالغىنى قارغىش،
كۆيدۈرگىنى ئەلنىڭ خامىنى.

ياشلىقىدا ياتلاشتى يۇرتتىن،
نەلەرگىدۇر كەتتى قامغاقتەك.
كەيىپ كاردىن چىقاردى ئاخىر،
بولۇپ قالدى چىرايى قاقتەك.

قىرانلىقى كەتتى قەدىرسىز،
ئەر زاتىغا ئەسلا ئوخشىماس.
كەچۈرگىنى تۇرمۇش ئەمەس، كۈن،
دەرگاھىدا خوتۇن توختىماس.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

ئالتۇن ساقا ئوينىغان بالا،
بولۇپ قالدى ئەخلەتتىن بەتەر.
ئىپسىپ يۈردى غىلاپسىز پىچاق،
ئەلپازىدىن سىيزىلىپ خەتەر.

نىپىز يېرى ئويۇلار مۇزنىڭ،
ئاپەت بولدى ئارزۇلۇق بالا.
دۈشمەن بولدى ئالتۇن ساقىسى،
پۇشايمانغا تار كەلدى دالا.

ئالتۇن ساقا ئوينىغان بالا،
ئەركىلىكىنىڭ بولدى قۇربانى.
يىغلاپ ئۆتتى ئاتا-ئانىسى،
ئەيىبلەيدۇ ئەمما دۇنيانى.

بىر ئىش بولدى بىچارىلەرگە،
گۈل تېرىسا تىكەن ئۈنگەندەك.
پۈتۈن ئۆمرى ھەسرەتتە ئۆتتى،
چىمەنلەردە چاتقال كۆرگەندەك.

تەنھا يېتى كەتتى دۇنيادىن،
پەرزەنتى يوق دېمەك ئىزى يوق.
ھايات ئاگا تامامەن زۇلمەت،
چىراغ ياقار ئوغۇل-قىزى يوق.

ئالتۇن ساقا ئۈينىغان بالا،
ئۆلۈپ كەتتى شۇ ھالدا قىرىپ.
گۇناھكارى ئاتا-ئانىسى،
قەبرىسىمۇ ئۆزىدەك غېرىپ.

ئەركىلىكنى كۆتۈرمەس دۇنيا،
ئەيىبكاردۇر ئەركىلەتكەنلەر.
ئالتۇن ساقا ئۈينىغانلاردىن
نەدە چىققان ئەرشكە يەتكەنلەر؟!

*

سارالڭ بولدى ئارزۇلۇق بالا،
قالدى قاقشاپ ئاتا-ئانىلار.
دانا بولدى داق يەردە يېتىپ،
كۈنى تەستە ئۆتكەن باللار.

2002-يىل 19-ئاۋغۇست، غۇلجا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىڭى ئادرىسى
www.uyghurkitap.com

## توققۇزى تەل تاغلاردۇر تەلكە تېغى

ئۆزۈمنى ئويدا دېسەم قانچە قېتىم،
تاغلاردا خىياللىرىم قونۇپ قاپتۇ.
ئويلىسام قىرىق يىللىق قەلىمىمدە،
تەلكىنىڭ تەسۋىرى كەم بولۇپ قاپتۇ.

كەڭسايدىن ئۆتۈپ بېرىپ شۈگا بۆگۈن
بىر مەھەل چۈشۈپ كەتتى بېشىم پەسكە.
«كىم سەن؟» دەپ سورىۋىدى تاغلار مەندىن،
«شائىر!» دەپ جاۋاب بەرمەك چۈشتى تەسكە.

توققۇزى تەل تاغلار بۇ تاغلار ئارا،
جەننەتنىڭ گوياكى ئۇ بىر پارچىسى.
قانداقچە ئۇنى يازماي ئۆتەلەيمەن،
مەن تۇرسام ياخشىلارنىڭ بىر جارچىسى.

ياپيېشىل بىر دۇنيا ئۇ يازدا كەلسەڭ،
بىر كۆرسەڭ كۆزلىرىڭدە ئارمان قالماس.
بىراق ئادەم دېگەن شۇنداق مەخلۇق،
گۈزەلنى بىر كۆرگەنگە كۆڭلى قانماس.

سايلارنىڭ شارقىرىشى سۇدىن ئەمەس،
تاغ ئارا ناخشا ئېيتار سۇ پەرىسى.
قانچە رەت خۇشاللىقتىن بىھوش بولۇپ،
ئىقرارمەن، پېقىرنىڭمۇ كەتكەن ئېسى.

ئىلىنىڭ پەخرىي تېغى تەلكە دېگەن،
كەڭسايدىن سايرامغىچە بىر سەيلىگاھ.
ھەركىم ئۆز تاغلىرىنى ماختار، لېكىن،
تەلكىدۇر بۇندا جىمى تاغلارغا شاھ.

تاغلىرى دېسەم ئۇنى ۋەتىنىمنىڭ،
باشقىدىن سۆزگە كىرەر تىلىم يەنە.
ھەر كۆرسەم، ئارچىلارنىڭ قاتارىغا
سۆيۈنۈپ قويغۇم كېلۇر جىرىم يەنە.

يېرىمى ئالەمدىكى جىمى گۈزەللىكنىڭ
شۇ تاغلار ئارىسىغا چېچىلغان رەڭ.
«چوغلۇق» دەپ قىزلار ئۈچۈن قويغان ئىسىم،
ئەسلىدە شۇ تاغلاردىن تېپىلغان رەڭ.

ئەسلىي تاغ تاشتىن پۈتكەن دېگۈم كەلمەس،
چۈنكى، زەر، گۆھەرلەرنىڭ دۆۋىسى ئۇ.

86

مەشەدىن ئىلھام ئالغان ئىلاخۇنمۇ*،
دېمەككى، شائىرلارنىڭ بوۋىسى ئۇ.

قولىدا قاپتاللارنىڭ دەستە گۇللەر،
شاماللار پۇلاڭلىتار ئۆتكەنلەرگە.
ماڭغانلار يۈك ئارتىشىپ باھار پەسلى،
ئوخشايدۇ گۇلىستانغا كۆچكەنلەرگە.

بىرىدىن بىرى ئېگىز چوققىلارنىڭ
كۇندە بىر قىيام چاچار بۇلۇتلىرى.
چوپاننىڭ ئاۋازى بار چوققىلاردا،
خەت تارتقان ئەمدىلەتىن بۇرۇتلىرى.

شۇلارغا سالام بېرىپ ئۆتتۈم بۈگۈن،
ئالدىدا تەڭ تۆكۈلدى سەۋەنلىرىم.
جىممىدە بىر قۇسۇر بار، دەيدۇ، ئەمما
يوق مېنىڭ بۇندا قۇسۇر سەزگەنلىرىم.

2002-يىل 25-ئاۋغۇست، غۇلجا



* ۋەتەنپەرۋەر ناخشىچى ئىلاخۇن كۆككۆزنى كۆرسىتىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىڭى ئادرېسى

## تۆھپىكار قانچە بولسا، سەنچە بولار

(ئوقۇتقۇچىلار بايرىمى مۇناسىۋىتى بىلەن ئايال ئوقۇتقۇچىلارغا)

بۈگۈن توي، بۈگۈن بايرام سىڭلىم ساڭا،
مېنىڭمۇ قۇتلۇق مەرىكە، كۆرىكىم ھەم.
تەبرىكلەپ سېنى، شۇڭا چالدى چاۋاك،
قوشۇلۇپ قوللىرىمغا يۈرىكىم ھەم.

پەرىشتە، دەپ ياز دېسەم ئۆز-ئۆزۈڭنى،
ئېھتىمال، ئۇنىمايسەن، ئۇيىلىسەن.
دەرياسەن قىياسىمدا ئەمما مېنىڭ،
چاڭقىغان دالالارغا قۇيۇلىسەن.

ماختاشقا ھەقلىق ھەركىم ئۆز ئەجرىنى،
ۋەلېكىن، سېنىڭ ئەجرىڭ يەنە باشقا.
ياخشىنى ياخشى دېمەي ئۆتەي قانداق،
گۆھەرسەن، ئوخشىمايسەن ھەرگىز تاشقا.

بوينۇڭدا ئالتۇن زەنجىر يالتىرايدۇ،
زامانغا خۇپ ياراشقان تارىنىشىڭ.
ئاناڭدىن ئاڭلىغىنىڭ يېگى ناخشا،
موماڭدەك بولمىغاچقا يارىلىشىڭ.

www.uyghurkitap.com

ئاي يۈزۈڭ پەرىنجىسىز پەرىزاتسەن،
نىجاتسەن نادانلىققا مەھكۇملارغا،
تۆھپىكار قانچە بولسا، سەنچە بولار،
نامىڭنى قوشۇۋەتتۇق مەشھۇرلارغا.

يۈرگىنىڭ تۈمەن كۆچەت-گۈل ئارىسى،
ئۇچماقمۇ ئەمدى ساڭا خىيال ئەمەس.
ئالەمنىڭ نەزىرىدە، ئاڭلا سىڭلىم،
سەن ئەمدى ھەرگىز ئاددىي ئايال ئەمەس.

قولۇڭدا دەپتەر-قەلەم، مەيدەڭدە گۈل،
بىپايان بىر قوشۇندا تامام سەن بار.
بىرى مەن چۆرەڭدىكى پەرۋانەڭنىڭ،
سەۋەبى، سەن بار يەردە ھامان شام بار.

مۇنبەردە قارار تاپتى مەكتەپ ناملىق،
«ئايال» دەپ ئەتىۋارسىز كەلگەن زاتىڭ.
يۇغىنىڭ، يورۇتقىنىڭ ھەر بىر دىلنى،
سېنىڭمۇ ئەڭ مۇقەددەس كەسپىياتىڭ.

سەن بەلكىم ئويلىمايسەن شۇ ھېكمەتنى،
ئەرزىمەس، دەيسەن بەلكىم ئەجرىڭنىمۇ.
ۋە لېكىن، جايىڭ ئەلنىڭ يۈرىكىدە،
قىلماقتا زامان شۇڭا قەدرىڭنىمۇ.

سۆزلەتكەن مېنى شۇنداق بۇ مەرىكەگدە،
سەندىكى ئۇستازلىقنىڭ شەرەپ-شانى.
جاپاكەش ئانىمۇ سەن، ئالىممۇ سەن،
تۈمەنلەپ ئەۋلادلارنىڭ مېھرىبانى.

ياسانساڭ، ياسانمىساڭ ھامان ئۇزسەن،
بەرگەندەك تەگرىم جىمى گۈزەللىكنى.
بۇ جاھان بىلىپ بولدى يازمىسامۇ،
بارچىدىن ئەجرىڭدىكى ئەۋزەللىكنى.

شۇندىمۇ يېزىپ كەلدىم بىر تەزكىرە،
ھەر مەرىكە-بايرىمىڭدا سېنى ماختاپ.
مەن قانداق تۇرالايمەن يازماي، سىڭلىم.
دانالار داناسىغا تۇرساڭ ئوخشاپ؟!

2002-يىل 8-سېنتەبىر، غۇلجا

## ھەر كۈندىن ئىزدىگىنى ياخشىلىقتۇر

بۈگۈننى ياشاپ بولدۇم، چۈشتى گۇگۇم.
ئەتىنىڭ ئۈمىدىگە ياقتىم چىراق.
بۇ شۇنداق بىر كېچىلىك تاتلىق ئۇيقۇ،
خورەكنى ياقتۇرمايدۇ قەلبىم بىراق.

ئەتىدىن ئالتۇن ئالاي دېگىنىم يوق،
كۆز تۇتتۇم ھەر تاڭ بەرگەن نېسىۋەمگە.
ھەر تاڭدىن لېكىن ھەسەل يېگىنىم يوق،
ئوخشاتتىم تاڭنى ئەمما شاھ سەنەمگە.

ھەر كۈننى كەچ قىلغانلار بىر مەن ئەمەس،
ھەر كۈندە ياخشىمۇ بار، يامانمۇ بار.
ھەر كۈننىڭ خامىنىدا تۈمەن غوۋغا،
قىپقىزىل بوغدايمۇ بار، سامانمۇ بار.

بېشىمدا ئاتمىش يىلنىڭ قايغۇسى يوق،
ھەر كۈننىڭ بوسۇغىسى قىيىن ماڭا.
بىر كۈننى تۈز باسمىسا قەدەملىرىم،
ئۆمۈرلۈك دەرد بولمامدۇ كېيىن ماڭا؟!



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى كىتاب تورى

كەيىندىن ئۇچقىنىم يوق قۇزغۇنلارنىڭ،
تىكەننى گۈل دېمىدىم، گۈلنى تىكەن.
ئۆمۈرنى ئۆيدىكىدەك ئۆتكۈزمەكنىڭ
تۈگۈنى، بىلسەڭ، ھەر بىر كۈندە ئىكەن.

رىزقىمدىن ئۆزگە ناندا تەمەيىم يوق،
نەپسىمنىڭ ئىت-مۈشۈكى زەنجىرلەگلىك.
زوقۇم بار ئىزلىرىغا ئۇزغانلارنىڭ،
ئەزەلدىن ھەسەت مەندە تەبىرلەگلىك.

مېھمانمەن ھۆزۈرىدا ھەر بىر كۈننىڭ،
ھەر كۈننىڭ چىرىغىغا سەمەندەردەك.
ھەر كۈنگە رەھمەت ئېيتتىم قانائەتتە،
بەرگەننى ئېلىپ قايتقان قەلەندەردەك.

دەرەخلەر شاخ يايغاندەك باھار كەلسە،
راست مېنىڭ ئەل قاتارى شاخلىغىنىم.
قەدرىنى بىلمەپتىمەن ھەر بىر كۈننىڭ،
ئۆزۈمنى قاپتۇ كۈنگە قاقلىغىنىم.

كۈنلەردىن يۇققان كىرلەر چىقماس ئاسان،
تەس كېلۇر يۇققان كىرنى يۇيماق يەنە.
سۇندۇرساق بىر تال كۆچەت، بەدىلى بار،
بۇرچ بىزگە ئون تال كۆچەت قويماق يەنە.

هەر كۈننىڭ سىنىقىدا سانسىز سوئال،
قىلىدۇ مىنۇتلىرى مۇپەتتىشلىك.
ماختىناي دېسەڭ ئايغا، پەسىللەرگە،
ھەپتىلەر گويا شاھىد يەتتە كىشىلىك.

ساق بېرىپ، مەست يانساممۇ قاۋاقلاردىن،
قالمايدۇ كوچىلاردا يامان نامىم.
كۈنلەرمۇ كەچۈرەركەن سەۋەنلىكنى،
ئۆچمەيدۇ سەۋەنلەردە شەرەپ-شانىم.

ياخشىغا چاۋاك چالغان ئىككى قولۇم،
يامانغا يار بولغاننىڭ ياقىسىدا.
ھەر كۈندىن ئىزدىگىنىم ياخشىلىقتۇر،
بەختىممۇ ياخشىلارنىڭ ئارقىسىدا.

خۇشالمەن، مېنى كۈنلەر ئالقىشلىدى،
ياخشى! دەپ چىقاردى ھەم مۇنبىرىگە.
تەر تۆكسەم تەبرىكلەيدۇ ئىتىزلىرى،
جور بولۇپ ئالقىش، تەبرىك بىر-بىرىگە.

نۇرلانغان چوققىلاردەك كۈن چىققاندا،
نۇرلىنىپ بۇ دۇنيادىن ئۆتەي دەيمەن.
ئۆزۈممۇ بىرى بولۇپ يۇلتۇزلارنىڭ،
نۇرۇمنى يۈرەكلەرگە تۆكەي دەيمەن.



ئۇيغۇر كىتاب تورپىكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

كۆڭلەردىن چىچىلىدۇ مېنىڭ نۇرۇم،
كۆڭلەرنى مەنمۇ شۇڭا قەدىرلەيمەن.
گۈل كۆرسەم سۇ پۈركۈيمەن ياشارسۇن، دەپ،
كۆرەلمەس تىكەنلەرنى قەبرىلەيمەن.

ئات سالساڭ داۋان بىلەن ھاڭلىرى بار،
ھەر كۆڭنى پەلەمپەي ۋە باسقۇچ دېدىم.
ھەر كۆڭلۈك تەقدىرىممۇ سىرلىق ھۇجرا،
ھەر كۆڭنى قۇلۇپ، دېدىم، ئاچقۇچ دېدىم.

2002-يىل 13-سېنتەبىر، غۇلجا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىچى ئادرېسى

# ھەر ئىككىمىز تەڭ ئاداشقان ئىكەنمىز

ئەمدى بىلدۇق، ئۆتۈپ كەتكەن ياشلىقتا
ھەر ئىككىمىز تەڭ ئاداشقان ئىكەنمىز.
دان تۇتامدۇ بۇغداي دېگەن تاشلىقتا،
ھەر ئىككىمىز تەڭ ئاداشقان ئىكەنمىز.

مەن كەپتىمەن ئادەت قىلىپ قېيداشنى،
سادىر قىلدىڭ سەنمۇ سۆيمەي قىيناشنى.
يۈرۈپتىمىز مۇھەببەت دەپ ئويناشنى،
ھەر ئىككىمىز تەڭ ئاداشقان ئىكەنمىز.

تەييار ئىدۇق كۆرۈنگەندىن كۈنلەشكە،
سېغىنغاندا كەپتەر كەبى ئۈنلەشكە.
ياخشىمىدى نان ئايلانسا كۆمەچكە؟
ھەر ئىككىمىز تەڭ ئاداشقان ئىكەنمىز.

يۈرۈپ باقتۇق نەچچە قېتىم ئايرىلىپ،
كېتەلمىدىم ئەمما سېنى ئايلىنىپ.
يېنىپ كەلدىڭ سەنمۇ ئاخىر قايرىلىپ،
ھەر ئىككىمىز تەڭ ئاداشقان ئىكەنمىز.

كەتكەن بولساق شۇ كەتكەنچە پەش قىقىپ،
يۈرەتتىمكەن مەنمۇ يالغۇز مەش يىقىپ.
يا خاماندا تەنها يىتىپ چەش بىقىپ،
ھەر ئىككىمىز تەڭ ئاداشقان ئىكەنمىز.

«تۆشۈك مونچاق بەردە قالماس» دىسەڭمۇ،
بەردە قالماي، ئەتلەس تاۋار كىيسەڭمۇ.
«ئۇھ» تارتاتتىڭ كۆڭدە پولۇ يىسەڭمۇ،
ھەر ئىككىمىز تەڭ ئاداشقان ئىكەنمىز.

تاس قاپتىمىز شەيتان بىلەن ماڭغىلى،
شۇنچە تاتلىق ئەقىدىدىن تانغىلى.
تاس قاپتىمىز ئارمانلاردا قالغىلى،
ھەر ئىككىمىز تەڭ ئاداشقان ئىكەنمىز.

ياشلىق دىگەن سايراپ تۇرغان بىر كەكلىك،
مۇھەببەتكە دۈشمەن ئىكەن تەنتەكلىك.
تەنتەكلىكتە ھالاك ئىكەن ئەركەكلىك،
ھەر ئىككىمىز تەڭ ئاداشقان ئىكەنمىز.

مانا بۈگۈن ئەقىل بەرگەن نۇسرەتتىن،
بىللە بىرىپ، بىللە قايتتۇق مەشرەپتىن.

خۇدا بىزنى بىر ساقلىدى ھەسرەتتىن،
ھەر ئىككىمىز تەڭ ئاداشقان ئىكەنمىز.

2002-يىل 2-ئۆكتەبىر، غۇلجا



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## تۇغقانلار

سېغىنغاندا بارالمىدىم، تۇغقانلار،
كۆڭلۈڭلارنى ئالالمىدىم، تۇغقانلار.
ئېيتىڭلارچۇ، مەن نېمىشقا سىلەردەك
كۆيۈمچان بوپ يارالمىدىم، تۇغقانلار.

يۈرۈپ كەتتىم ئاي-كۈنلەرنىڭ كەينىدە،
ئەمەس ئىكەن كۈنلەر ئىنسان مەيلىدە.
يامانلىق يوق ئەمما پېقىر پەيلىدە،
كەچۈرۈڭلار، قارالمىدىم، تۇغقانلار

تەلمۈردۈڭلار ھېيت-ئايەمدە يولۇمغا،
سېغىنماقمۇ ئوخشايدىكەن زۇلۇمغا.
تىللاپ بېرىڭ مەيلى قوشنا-قۇلۇمغا،
تۇغقان تۇرۇپ ئۇيالمىدىم، تۇغقانلار.

بارالمىدىم ئوغلۇڭلارنىڭ تويىغا،
كىرىپ كەتكەچ تىرىكچىلىك كويىغا.
يېتىپ قاپتۇ قىزىڭلارمۇ بويىغا،
بىرەر ياغلىق سالالمىدىم، تۇغقانلار.

باھانىسى تولا بولغاچ يىراقنىڭ،
توسۇلاركەن يولى نەزىر-چىراغنىڭ.
ئەستىن چىقتى ھالى ئاغرىق-سىلاقنىڭ،
ھالىڭلارنى سورالمىدىم، تۇغقانلار.

بەش بارماقتەك بىرى ئېگىز، بىرى پەس،
سىلەرنىڭمۇ ھال-كۆنۈڭلار تەڭ ئەمەس.
بىرى ياخشى، بىرلىرىنىڭ كۆنى تەس،
تەسكە ھەمدەم بولالمىدىم، تۇغقانلار.

ئەللىك ياشقا ئالىقاچان خوش! ئېيتتىم،
ئەللىك يىلدا تالايلارنى رەنجىتتىم.
رەنجىمىدىم ئەمما جىمى رەنجىشتىن،
يېنىڭلاردا قونالمىدىم، تۇغقانلار.

ئۇيۇلغاندەك مۇزمۇ نېپىز يېرىدىن،
كۆڭۈللەرمۇ بىرى نازۇك بىرىدىن.
ساقلانماق تەس نىزالارنىڭ كىرىدىن،
مەن شۇلاردىن تانالمىدىم، تۇغقانلار.

2002-يىل 17-نويابىر، غۇلجا



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

## كۆڭلۈم

قەيەرلەردە سەرسانسەن، كۆڭلۈم،
قەيەرلەردە بولدۇڭ تىلەمچى؟
قۇر ئاچۇرسام قارارگاھىڭدىن،
مەنزىلىڭنى بىلمەيدۇ رەمچى.

ئەركىلىكتە ئەركە گۆدەك سەن،
بولالامدۇ سېنىڭدەك ھەر كىم؟
ئۇچۇرىڭنى شامال لار بىلمەس،
كېزىپ يۈردۈڭ ئالەمنى بەلكىم.

خىيالىڭدا خىزىر ھېكمىتى،
يۈرت سورايسەن گاھى شاھ بولۇپ.
رەستىلەردىن كىرمەيسەن ئۆيگە،
ئىشىكىڭدە ھەر كۈنى قۇلۇپ.

كېلىپ قالار گاھى باي بولغۇڭ،
غەمسىز يۈرگەن بايلارنى كۆرۈپ.
تاغقا چىقساڭ سۇ بولغۇڭ كەلدى،
چۇقان سالغان سايلارنى كۆرۈپ.

ئېچىقلىرىڭ قالدى ئېچىقلىق،
سۆلىرىڭنى تۆتىدۇ خۇدا.
ئېتىزىڭ مەن، باغلىرىڭمۇ مەن،
ياشىرىمەن سەن قويغان سۇدا.

تەگرى بولغۇڭ كەلدى بەزىدە،
تەمە قىلدىڭ خىزىرلىقىنىمۇ.
كۈچۈڭ يەتمەي رەقىبلىرىڭگە،
خۇمار قىلدىڭ ۋەزىرلىكىنىمۇ.

سالغا تېشى بولدۇم سەن ئۈچۈن،
چۆرۈۋەتتىڭ مېنى چۆللەرگە.
قالدىم بەزەن كەينىڭگە كىرىپ،
كەپتەر بولۇپ تاغدا ئۈنلەرگە.

ئېلىپ كەتتىڭ پىنهان يەرلەرگە.
بارماي دېسەم سۆرەپ قولۇمدىن.
قايسى كۈنى كىردىم كەينىڭگە،
شۇ كۈنى مەن ئازدىم يولۇمدىن.

كۆكرىكىمگە تىغ ئۇرۇپ قاچقان،
بىر گۈزەلنىڭ كەينىدىن كەتتىڭ.
كىم بىلەندۇر ياتتىم بىر كېچە،
كىم بىلەندۇر مېنى خوش ئەتتىڭ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىچىش ئادرېسى

مېنى تالاي گۇناھكار قىلدىڭ،
قايدا بارساڭ يۈردۈم ئەگىشىپ.
ئېزىققاندا دانا بىلەنمۇ
سەن تۆپەيلى قالدىم تەگىشىپ.

كۆڭلۈم، دېسەم ئىشەنگەيمۇ ئەل،
شۇنچە ئېغىر گۇناھلار قىلغان.
بولۇپ چىقتىڭ چۈشىدە باتۇر،
خىيالىدا زىناھلار قىلغان.

خىياللارنى مىندىڭ ئېگەرلەپ،
كۆرۈنمەيدۇ قامچاڭ قولۇڭدا.
قويۇۋەتتىم تاغلارغا سېنى،
ئۆزۈم تەنھا يېتىپ بولۇڭدا.

ئېزىقتۇرما مېنى، بەس كۆڭلۈم،
پىنھانلارغا ئەمدى باشلىما.
تۆپەيلىڭدىن كەتمىسۇن قەدرىم،
لەنەتلەرگە مېنى تاشلىما.

2002-يىل 17-نويابىر، غۇلجا

# گۈل ۋە كېپىنەك

ھەر گۈلنىڭ ئۆز ھۆسنى، ئۆز پۇراقى بار،
ھەر كىمنىڭ ئۆز كۆڭلى، ئىشتىياقى ھەم.
ئۆزگىلەر نە دېسە ئۆزىنىڭ مەيلى،
ھەر كىمنىڭ ئەزىزدۇر ئۆز سىياقى ھەم.

گۈللەرنى ھىدلىماق بەدەلسىز بولماس،
قىزىل گۈل ھىجرانغا قويىدى بۇلبۇلنى.
تۇتقىلى بولغايمۇ شۇڭا ئالدىراپ،
سېنىڭدىن ئىلگىرى سۇنمىغان قولنى.

توي، دېدۇق كۆچكەننى ئۆيدىن ئۆيگە گۈل،
سايرىدى بىر بۇلبۇل تەلەي شېخىدا.
ئازغۇنلار كەينىدىن كەتمىسە ئەقىل،
مەرىكىلەر كۆكلەيدۇ ھەر گۈل بېغىدا.

كېپىنەك قونمىغان گۈل يوق، ئەلۋەتتە،
ۋە لېكىن، كېپىنەك لەۋزىسى يالغان.
كېپىنەك كەينىدىن كەتكەن كۆڭۈلدىن
ئەزەلدە دەريالاپ كۆزياشلار قالغان.



ئۇيغۇر كىتاب تورېكتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

بەختىمگە ئاسماندا بىر قۇش ئۇچۇرى،
ئۆزگىلەر بىلمەيدۇ، كۈتەرمەن يالغۇز.
مەن ئاچقان ئىشىكتە ئۇنىڭ مەنزىلى،
چۈشىمىسە، دۇنيادىن ئۆتەرمەن يالغۇز.

2002-يىل 20-نويابىر، غۇلجا

www.uyghurkitap.com

## قەيسەر قىزغا قەسىدە

(تالانتلىق ئاۋاز ئارتىسى مۇنەۋۋەر ئابلەتنىڭ
كېسەلگە قارشى روھىغا مەدھىيە)

بىز ئالتۇنغا، ۋە لېكىن، سىز گۆھەرگە باراۋەر،
سالام، ئاۋاز ئارتىسى قەيسەر سىڭلىم مۇنەۋەر!
جېنىڭىزغا جان قوشقان جاسارەتكە قەسىدە،
يازماق ئۈچۈن بوپتىمەن مەنمۇ بۈگۈن سازاۋەر.

تېلېۋىزوردا تونۇشتۇق كېچىكسەكمۇ سىز بىلەن،
قەيسەرلىكتە بىر ئۇستاز تېپىۋالدۇق لېكىن بىز.
بىزنىڭ قەلەم يارالغان ياخشىلارنى كۈيلەشكە،
ئاددىي شائىر بولساقمۇ شۇڭا سىزگە يېقىن بىز.

جىسمىڭىزدا قالماپتۇ سايىسىمۇ كېسەلنىڭ،
ھە ئىلاھىم، شۇ پېتى مەڭگۈ-مەڭگۈ يوقالسۇن!
ئۆچەي دېگەن ئوچاقلار يەنە كۆيسۇن لاۋۇلداپ،
ئۆلەي دېگەن ئۈمىدلەر ئۇندىن يەنە چوغ ئالسۇن.

تىرىلدۈردى تۈمەننى سىزنىڭ قەيسەر روھىڭىز،
بىھوش ياتقان بىمارلار شۇئان ئاچتى كۆزىنى.
ئۆلۈم خىرىس قىلغاندا سىزدەك بولالمىغانلار،
سىزنى كۆرۈپ ئەڭ ئاۋۋال كاچاتلىدى ئۆزىنى.

تاشلىۋەتتى ھاسىنى قەيسەرلىكتە قانچىلار،
جاسارەتسىز قەلبلەر كەلدى يەنە لەرزىگە.
مۇنارىنى ھاياتنىڭ تىكلىۋالدى باشقىدىن،
قەيسەرلىكتىن سىزدىكى داۋا تاپتى دەردىگە.

سىز شۇلارنىڭ دوختۇرى، سىز شۇلارنىڭ مەشھۇرى،
باش كۆتۈردى باتۇرلۇق ئىمجانلارنىڭ روھىدا.
سۇلغان مايسا سۇ كىرسە كۆكلەيدىكەن باشقىدىن،
ياشارغاندەك يېشىل تال دەريالارنىڭ بويىدا.

سۆيگەنلەرنىڭ ھاياتنى نەمۇنىسى سىز، سىڭلىم،
سىزنى ئاتاش ھەقلىقتۇر چولپانلارغا چولپان، دەپ.
سىز ئۇنتۇلماس بىر ناخشا ئېيتقانسىزى يېقىملىق،
ناخشىڭىزنى مەن يازدىم ناخشىلارغا سۇلتان، دەپ.

بولۇپ قالدى تۆھپىڭىز بىزگە زۆرۈر بىر كىتاب،
باللارمۇ ئوقۇيدۇ بەلكىم بىزدىن تالىشىپ.
تىلەكلەرگە تۇمەنلەپ تولۇپ كەتتى يۈرەكلەر،
كېسەل بىلەن كۈرەشتە سىزنى قەيسەر سانىشىپ.

ئاسان ئەمەس ئەجەلدىن تارتىۋالماق بىر كۆڭنى،
بىر مىنۇتمۇ غەنىمەت زۆرۈر چاغدا ھەتتاكى.
ناخشا ئەمەس بۇ ھايات يېڭىۋاشتىن ئېيتقىلى،
خالىغاندا يازغىلى ئىككى پارچە خەت ياكى.

تەسىر قىلدى تەڭرىگە ئۇلۇغ ئىستەك سىزدىكى،
ئۈنچىقمىدى يىللارمۇ «ياشاۋېرىڭ!» دېگەندەك.
ياڭراپ تۇردى ھەر كۈنى ئاۋازىڭىز ئېكراندىن،
قىش كەتكەندە ئۆرۈكلەر قايتا چېچەكلىگەندەك.

ئۆلۈم سىزدىن يىراقتۇر، سىڭلىم، تېخى ياشايسىز،
بۇ ئالەمدىن يوقالماس ئاۋازىڭىز ھەر كۈنى.
سىز كەتسىڭىز بىمەھەل، بىزلەر داغدا قالامدۇق،
ئۇزاققىچە توختامدۇ كۆز ياشلارنىڭ كەلكۈنى؟!

شۇ گەپلەرنى ئېغىزغا كەلسۇن كىمنىڭ ئالغۇسى،
تېخى غۇنچە تۇرسىڭىز ئەمدى لېۋى قىزارغان.
ئېيتقىنىڭىز ئورۇنلۇق: ئۆلۈم ھەيۋە قىلغاندا،
يىغلىغانغا دۇنيادا كىمنىڭ ئۆمرى ئۇزارغان؟

تېلېۋىزوردا تونۇشتۇق، ئاكا-سىڭىل بولۇشتۇق،
«قەيسەر قىز» دەپ بىر شېئىر مەندە شۇئان بوي تارتتى.
بالىنىستتا بىمارلار تۆگەل سىزدەك بولسىتى،
مەنمۇ دەيتتىم شۇ چاغدا: تىلەكلىرىم توي تارتتى!



2002-يىل 24-نويابىر، غۇلجا

# تىكەنسىز گۈللەر

بولۇپ قالدى باغلاردا پەيدا،
قاچاندىندۇر تىكەنسىز گۈللەر.
پۇرايدىغان ئاشىقلار تولا،
شۇڭا ئەنسىز ئۆتىدۇ كۈنلەر.

بولاتتىغۇ تىكىنى گۈلنىڭ،
تەس ئىدىغۇ بىمالال ئۈزمەك؟
قانداقلارچە چىرايلىق ساراي
بولۇپ قالدى ئىشىكسىز كۆزلەك؟

بولۇپ قاپتۇ كۆلنىڭ يۈزى لەش،
شۇندىن بېرى مېنىڭ كۆڭلۈم غەش.
يارىشامدۇ ياسىداق ئۆيگە
قىشتا كاردىن چىققان ئەسكى مەش؟

خاراب بولدى تىكەنسىز گۈللەر،
پۇراپ قايتتى ھەركىم بىمالال.
تاشلىۋەتتى ئۈزۈپ قىسقانلار،
غەرق بولدى كەلكۈندە ئارال.

ئويلامدىكىن قىزلار شولارنى،
يوق، دەمدويا، شوندا قىلىرىمىز؟
دەمدىكىن يا تەن ئالغانلىرى:
ــ تىكەنسىز گۈل مىڭدىن بىرىمىز؟!

2003-يىل 20-فېۋرال، غۇلجا



ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## ئېيتقىنا، شۇلاردىن ساقمۇ سەن ئاغزىم

كىملەرنى رەنجىتتىڭ ئۆمرىڭدە، ئاغزىم،
كىملەرنىڭ قوۋمىغا قاتتىڭ سەن مېنى؟
كىملەرنى دورىدىڭ، ئۇستازىڭ ھەم كىم،
كىملەرنىڭ يېنىغا تارتتىڭ سەن مېنى؟

بارچىدىن ئېغىزدا ئېۋەن كۆپ، دەيدۇ،
بارمىدۇر سېنىڭمۇ ئەيىبىڭ شۇنداق؟
بىر سەۋەن سەزگەندەك بولمىسام سەندىن،
سوئاللار قويامدىم مەن ساڭا مۇنداق؟

ناخشىلار ئېيتقىنىڭ ئەيىبىڭ ئەمەس،
بىلىمەن، يوق بىراق تاللاپ ئېيتقىنىڭ
ئېيتقىنا، كىمنىدۇ كۆيدۈرگىن، دېسە،
بارمىدۇ سېنىڭمۇ ئوتۇن يىغقىنىڭ؟

«غەيۋەت»نى ئېغىزنىڭ ئىجادى دېسەم،
«كوت-كوت»مۇ شۇنىڭغا كەشپىيات ئىكەن.
شۇلاردا بارمۇ سەن، ئېيتقىنا ئاغزىم،
گۈل دېسەم قانداقچە بوپقالدىڭ تىكەن؟

لاپ ئۇرغان ئادەمنىڭ ئاغزى بوپقالساڭ،
تۆگىمەس ئۆلسەمۇ كەينىمدىن گەپ-سۆز.
ماختانچاق ئاتىلىپ قالسام مىڭ ئۆلەي،
بارمىكىن دۇنيادا ئۇنىڭدەك سەت سۆز؟!

ئېغىزلار سۆزلەشكە يارالغان بىلەن،
ئەقلىنىڭ بۇرچىدۇر سۆزلەتمەك بايقاپ،
ئېغىزلار ئۇلۇغ دەپ قارالغان بىلەن،
يۇرمەك تەس ھەر كۈنى ھەسەلدە چايقاپ.

ئۆتىدۇ بىر ئۆمۈر مىدىرلاپ ئۇلار،
بولماق تەس ئەلۋەتتە سەۋەندىن يىراق.
كەچۈرۈپ بولامدۇ سەۋەنگە ھەيدەپ،
ئېغىزلار ئايلانسا رەزىلگە بىراق؟

1



كاپىلداپ يۈرگەننى ياقتۇرماس ھېچكىم،
ئەقىللىق سانالدى كەم سۆز ئېغىزلار.
ۋالاقلاپ يۈرگىنى ئازدەك، ۋاي توۋا،
قارسىلداپ تۇرىدۇ يەنە سېغىزلار.

تىلىدىن كەتكەنلەر ئاز ئەمەس، ئاغزىم،
تىزگىنىسىز تالاي تىل چىققانغۇ باشقا؟

بىھاجەت سۆزلەشنىڭ پۇشايمانلىرى
قويمىغان كىملەرنى تالاي كۆز ياشقا؟

ئىغىزدىن چىققان سۆز ئاتقان ئوق گويا،
ئوق قايتىپ كىرەمدۇ مىلتىق تىغىغا؟
ئورۇنسىز ئاتقان ئوق بولمامدۇ سەۋەب،
گاھىدا تۆگىمەس جىدەل-يىغىغا؟

لەۋلەرنى ئىغىزنىڭ قاپقىقى، دەيدۇ،
ۋە لېكىن، شەيتانغا ئۇمۇ بىر شورا.
تۇرالماس پەرىشتە كۆندە كۆزەتتە،
شۇڭلاشقا باغلاردىن قىقىلار غورا.

ئەقىلگە تاپشۇرغان ئىگىسى شۇڭا،
ئىغىزنى ئىنسانغا ياراتقان چاغدا.
مىڭ ئەپسۇس، يادىغا كەلگەننى جۆيلۆپ،
ئىغىزلار خۇدانى قويماقتا داغدا.

2

گەپ توشۇپ يۈرمەكمۇ ئىغىزغا گۇناھ،
زۇغۇيلۇق ئەسلىدە پەسكەشنىڭ ئىشى.
كۆرۈنگەن كۆچەتنى كۆرىدۇ غاجاپ،
ئۆچكىنى دورىسا ئادەمنىڭ چىشى.

112

ئېغىزدىن چىقمىسا چىقىدۇ نەدىن،
يامانىنىڭ پىتنىسى ئارىنى بۇزغان؟
ئېيتىڭا، ئۆسەكتە نەدە ياخشىلىق،
غەيۋەتلەر بالادىن كىمنى قۇتقۇزغان؟

قۇتراتقۇ تىللارنىڭ ئىشى بولدىغۇ،
دوستلارنى دۈشمەنگە ئايلاندۇرغانمۇ.
شۇلارغۇ ئۆستەڭگە قوشقىنى ئەگىز،
ۋىجدان ۋە نومۇسنى يەرگە ئۇرغانمۇ!

بولمىغان ئەزەلدىن بىر نېنى ئىككى،
ئېغىزنى مەيلىگە قويۇپ بەرگەنىنىڭ.
قۇشقاچلار چۇرۇقلاپ، ئېتىزلىقىدىن
كەتكەيمۇ كۆنبويى تېرىق تەرگەنىنىڭ؟!

بالاخور ئېغىزلار ئوخشار شۇلارغا،
سۆز-چۆچەك بېسىلماس مەھەللىسىدە.
ئاغزىدىن چىققىنى يالغان، يا بۆھتان،
قىلىدۇ بوۋاقنى سۆزلەپ رەسىدە.

تۆكۈلدى شۇلاردىن يالغان ۋەدىلەر،
ئالدىنىپ قانچىلار قالدى ھەسرەتتە.

«قويمچى» دېگەننى بىلەرسەن بەلكىم،
ئوبدانمۇ ئالدىنىپ ئۆلسە ئەل دەردتە؟

تۆھمەتتىن بىرلىرى سۈركەيدۇ قارا،
ئېغىزدىن بىرلىرى پۈركۈيدۇ ھەسەت.
ئۈزىنىڭ كەينىدىن يۈرىدۇ قارغاپ،
قەبرىستان قوينىغا تىلەيدۇ جەسەت.

3

چېقىمچى ئاتالدى بىرلىرى ئەلدە،
لەنەتكە كۆمۈلدى ئۇ ئۆلمەي تۇرۇپ.
ھەيرانمەن، شۇ يەڭلىغ رەزىللەرنىڭمۇ
كەتمىدى، ئەجىبا، يىلتىزى قۇرۇپ؟

نادانىڭ ئاغزىمۇ يەنە بىر ئاپەت،
رەڭگا رەڭ سۆزلەيدۇ ئالدىسا دۈشمەن.
يالايدۇ يامانىڭ يالاقلىرىنى،
ياخشىنى يامانغا قىلىدۇ ئۆچمەن.

ئەزەلدىن ئەل بىزار خۇشامەتگۈيلۈق،
ئېغىزلار بولمىسا ئاشامدۇ ئىشقا؟
ئاشىقلار قوۋمىدىن چىقسا بىۋاپا،
چىرايلىق باھارمۇ ئايلىنار قىشقا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىشۇ ئادرىسى
www.uyghurkitap.com

4

قارايغان يۈرەكلەر ئاز ئەمەس بىزدە،
ئاغزىدىن گەپ چىقماس سوراقتا لىللا.
قولىغا ئادالەت خىنىسى قويغان،
يانچۇقى ئىزدەيدۇ ئۆزگە تىللا.

شۇنداقمۇ ئېغىزلار كەلگەن جاھان بۇ،
كەتكىچە سۆزلەيدۇ بىر ئۆزى ئۈچۈن.
ئىپار دەپ ماختايدۇ چاچقانلىرىنى،
ئاغزىدىن چىققىنى قىغ ياكى تۈتۈن.

لاپ ئۇرۇپ يۈرىدۇ ئۇزاقتىن بىرى،
نەدە بار لاپچىنىڭ ئادىمىيلىكى؟
جىمنى يامان دەپ يۈرىدۇ ئۇلار،
پاكلىقتا يوق ئىمىش ئۆزىنىڭ چېكى.



ئالبومى توشۇپتۇ ماختىنىش بىلەن،
ئالەمدە ئۇ كەبى بىر دانا يوقتەك.
شەرمەندە تارىختۇر ئۇلارنىڭ ئىزى،
نەگىدۇر بىھۇدە ئېتىلغان ئوقتەك.

قارغىشلار ئىلكىدە ياشايدۇ ئۇلار،
يامانلار ئاشنىسى، ياخشىلار بىزار.

تەن بەرمەي ئۆزنىڭ ئازغانلىقىغا،
ۋاي تووۋا، ئۆزگە ئۆزى گۈل سىزار.

5

ئېيتقىنا، شۇلاردىن ساقمۇ سەن، ئاغزىم،
ئېيتقىنا، يىللارنى ئۆتكۈزدۈڭ قانداق؟
قىلدىڭ سەن كىملەرنى ئۆزۈڭگە دۈشمەن،
كىملەرنىڭ دىلىدا پەيدا قىلدىڭ داغ؟

بارمىدۇ ياخشىدا چىشىڭنىڭ ئىزى،
بارمىدۇ ياۋاشنى گوللىغانلىرىڭ؟
بارمىدۇ كۈلۈپ ھەم يىقىلغانلارغا،
يامانىنى «ياشا!» دەپ تووۋلىغانلىرىڭ؟

ئېغىزنىڭ پاكلىقى ئاسان ئىش ئەمەس، 
ھەركۈنى ئىككى رەت يۇيغىنىڭ بىلەن.
چىرايلىق بولمايسەن چىشلىرىڭغىمۇ
تولدۇرۇپ لىق ئالتۇن قويغىنىڭ بىلەن.

سىڭرمەك تەس، دەيدۇ كونىلار، ئاغزىم،
ئالدىمغا كەلدى دەپ يەۋەرگەن بىلەن.

بېشىغا چىقاركەن ئاغزى يوگورۇكنىڭ،
ئاغزىمغا كەلدى، دەپ دەۋرگەن بىلەن.

كۆيسمۇ كۆپ ئۇچۇن سۆزلىگەن ئېغىز،
بىر ئۆزى كۆيەركى، كۆيدۇرمەس كۆپنى.
ئەكسىچە، بىرلىرى نەپسى توپەيلى
يۇتقىلى يۇرىدۇ زېمىننى-كۆكنى.

ئاز ئۆمرۈڭ قالغاندا ئاگاھ بول، ئاغزىم،
ئازدۇرار شەيتانغا قىلساڭ يېقىنلىق.
ئېغىزنىڭ تىزگىنى بولار ئەقىلدە،
ئاگاھ بول، ئازمايسەن بولساڭ ئەقىللىق.

2003-يىل 25-فېۋرال، غۇلجا



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## هايات قانچە سېخىي بولسىمۇ

شاراب ئىچكەن شەرەپ-شان ئەمەس،
راھەت، دېمە كېكەرگىنىڭنى.
سەن دۇنياغا كەلمىدىڭ چۈنكى،
كۆتۈش ئۈچۈن يالغۇز جېنىڭنى.

ئەجرىسىز ياراتقان ئەمەس،
تەڭرى ئەسلىي تىلەك دېگەننى.
ياقتۇرمايدۇ ئەزەلدىن هايات،
قولۇڭ تۇرۇپ تىلەپ يېگەننى.

ياشلىق دېگەن ئۆمرۈڭ باھارى،
ئايلىنىدۇ غۇنچەڭ پورەككە.
ياشلىقىڭدا سەگەك بولمىساڭ،
قول سالىدۇ شەيتان يۈرەككە.

هايات قانچە سېخىي بولسىمۇ،
ئىزدىمەيدۇ ئىزدەنمىگەننى.
بەخت قانچە گۈزەل بولسىمۇ،
خوپ كۆرمەيدۇ روهى ئۆلگەننى.

تىرىكلىكتە تىرىكتەك يۈرگىن،
قارغىش، چۈنكى ئەل بىزارلىقى.
يۇرتقا بەرگەن مۇھەببىتىدە،
يىگىت-قىزنىڭ بەختىيارلىقى.

بۇ جاھاننىڭ تارازىسى بار،
تارتىپ تۇرار ياخشى-يامانى.
خامانلارغا قىزىل چەش كېرەك،
ياقتۇرمايدۇ ھەرگىز سامانى.

ئەل قەلبىدە ئاقىلنىڭ ئورنى،
گۆھەر دەيدۇ زېرەكنى دۇنيا.
جىق بولسىمۇ ئورماندا دەرەخ،
خىللايدىكەن كېرەكنى دۇنيا.

جىنازىڭنى كۆتۈرمەك ئاسان،
كۆتۈرمەك تەس جىنايىتىڭنى،
تىرىكلىكتە يىقىلساڭ، چۈنكى،
ئەل تاشىدۇ جاراھىتىڭنى.

ھېساب ئەمەس تىرىك يۈرسەڭلا،
ياشاش باشقا، ياشناش باشقا گەپ.
سۆزلەپ قويدۇم دادام ئېيتقاچقا:
— ئىشنىڭ بېشى ياشلىقىڭدا، دەپ.

ئەرزىمەستۇر ئالغان خامىنىم،
ئۆزۈمنىڭمۇ شۇڭا كۆڭلۈم غەش.
كەم دېگەندە ئۆلگىمىز بولسۇن،
ياكى ئوتۇن، ياكى قىزىق مەش!

2003-يىل 4-ماي، غۇلجا

## مەن نىمىلەر قىلىۋاتىمەن

دىت ئەقلىنى خۇدا بەرمىگەن
كىتابلاردىن سوراۋاتىمەن.
گاھ مەن يىپەك قۇرۇتى گويا،
غوزىغا مەشۇت ئوراۋاتىمەن.

گەپ ئاڭلىماس بالىلىرىمنىڭ
قۇلاقلىرىنى بۇراۋاتىمەن.
تۆشۈكلەرنى چايان مۆكۈنگەن،
بىكار تۇرماي كولاۋاتىمەن.

نادانلىقتا يولدىن چىققاننى،
يار بويىدىن توراۋاتىمەن،
جىق ئىشلارغا قەلىمىم قادىر،
توسالمىسام تووۋلاۋاتىمەن.


تىكەن كۆرۈنسە چەيلىدىم باغدا،
گۈل كۆرۈنسە پۇراۋاتىمەن.
لەۋلىرىمنى تامشىيمەن بەزەن،
گاھ بارماقلىرىمنى شوراۋاتىمەن.



www.uyghurkitap.com
كىتاب تورىبېكىتى ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىر ئادرېسى

بويۇم يەتسۇن، يەتمىسۇن مەيلى،
ئېگىز پەنجىرىلەرنى بويلاۋاتىمەن.
ئۈمىدسىزلىكتە يىقىلغانلارنىڭ
ئارزۇ زەنجىرلىرىنى ئۇلاۋاتىمەن.

2003-يىل 10-ماي، غۇلجا



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

## بىر ئۆزۈڭنى ئويلايدىغان بولۇپ قالما

بالام، يالغۇز ئۆزۈڭنى ئويلايدىغان بوپقالما،
ئىش-ئوقەتكە مەيلى يوق، ئوينايدىغان بوپقالما.
سارايلارغا سازاۋەر بولغاندىمۇ ئۆمۈرلۈك،
گەمىلەرنى ياقتۇرماي، قونمايدىغان بوپقالما.

پېشايۋاندا كۆك كەپتەر يارىشقى هويلاڭنىڭ،
دەرگاهىڭدىن ئامەتنى قوغلايدىغان بوپقالما.
ئەقىل دېگەن ئىنساننىڭ ئەزىز جېنى يەنە بىر،
يامانلارنى ياخشى دەپ قوغدايدىغان بوپقالما.

بولۇپ چىقتى نائەهلى ئۆگەنگەنلەر نان ئىلغاپ،
دېهقان تۇرۇپ سەنمۇ نان ئىلغايدىغان بوپقالما.
قوغۇن تەرسەڭ باش بۇرنى كۆپىنىڭ بولسۇن ئەڭ ئاۋۋال،
قوغۇن تېرىپ بىر خەمەك تىلمايدىغان بوپقالما.

چاشقانلىرى نەپسىڭنىڭ پۇل كەينىدىن قۇترىشىپ،
خۇدا بەرگەن رىزقىڭغا تويمايدىغان بوپقالما.
دۇنيا يىغساڭ يىغ مەيلى، تەگرى بەرسۇن ۋە لېكىن،
ئاناڭغىمۇ بىر توخۇ سويمايدىغان بوپقالما.

تارتىپ كۆرەر تۆنلەردە ئىشىكىڭنى ئېزىنتقۇ،
ئىشىكىنى قەلبىڭنىڭ ئىلمايدىغان بوپقالما.
ئەمەل تۇتساڭ ئەل تۇرسۇن ئۆز ئاناڭدەك يادىڭدا،
دەردمەن كەلسە هال ئېيتىپ، تىللايدىغان بوپقالما.

قېچىپ يۈرەر ياخشىلار ھەر دوقمۇشتا شەيتاندىن،
سەن شەيتاننى ئەكسىچە، چىللايدىغان بوپقالما.
ئۆز بېغىڭدا گۈل تۇرۇپ تۆمەن گۈلگە بەرگۈسىز،
ئۆزگىلەرنىڭ بېغىدىن خىللايدىغان بوپقالما.

ئادالەتنىڭ ناخشىسى ياقمايدىغان يۈرەك يوق،
ياقمايدىغان ناخشىنى توۋلايدىغان بوپقالما.
ئالقىنىڭنىڭ پاكلىقى دەرگاھىڭغا شەرەپشان،
يانچۇقىنى پۇقرانىڭ كولايدىغان بوپقالما.

يېگى ئەسىر سېنىڭدىن يېڭى ياشلىق كۈتمەكتە، 124
ئىختىرا قىل، ئىجاد قىل، دورايدىغان بوپقالما.
ياشانغاندا ياخشى نام ئالالمىساڭ ئالەمدىن،
بارمىقىڭنى پۇشماندا چىشلەيدىغان بوپقالما.

2003-يىل 31-ماي، غۇلجا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# لىرىكىلار

## سەن تاشلامسەن دوزاخقا

ئوچىقىڭغا ئوت قالىغان بولغىيتتىڭ،
ئوتۇن تاپساڭ ئويلىماستىن ئاياشنى.
ئۇغۇ مەيلى، ئۆگەنگەنسەن كىمدىنمۇ،
ئوچاق ئەمەس، يۈرەككە ئوت قالاشنى؟!

كۆيدۈرگەننى كۈل قىلامسەن، بىلمەيمەن،
مېنىڭ كۈلۈم لازىم بولۇپ قالغاندەك.
قىياسىمدا بىر ئورمانغا ئوت كەتتى،
ئۆزۈمگە راست، ئۆزگىلەرگە يالغاندەك.

قاراپ قويساڭ كۆيۈۋەردىم كۆيگەنچە،
ئۆزۈڭ بولدۇڭ ئوت ئۈستىگە ياغ چاچقان.
جامالىڭدىن كەلدى جانغا زامىنلىق،
كىرپىكىڭمۇ بىللە ماڭا ئوت ئاچقان.

ئۆزۈڭ ياققان ئوتنى ئۆزۈڭ بىلمەيسەن،
بۇ ئوت يەنە كۆيەر قانچە ئۇزاققا.

مەن خۇدانىڭ دەرگاھىغا بارغىچە،
يار، ئېيتقىنا، سەن تاشلامسەن دوزاخقا؟!
*

## كۆيمەيمەن ئۆزگىلەر قالىغان ئوتتا

كىرمەيسەن تۈنلەردە چۈشۈمگە ئەجەب،
خىيالىم بېغىدىن چىقمايسەن لېكىن.
يۈرىسەن ئەكسىچە دۇنيادىن بىغەم،
مەن قايسى كۈنلەردە، ئۇقمايسەن لېكىن.

ئىشىكىم ئالدىدا بىر تۈپ سىرىنگۈل،
ئېچىلدى ھۆپپىدە، بىر سەن بىلمىدىڭ.
مەھەللەم قىزلىرى كەلدى كۆرگىلى،
نىچۈندۇر، نىگارىم، بىر سەن كەلمىدىڭ.

باغلارغا ئايلاندى باھاردا ھويلام، 126
بولمامدۇ ئەللەردەك بىر كىرىپ كۆرسەڭ؟
مەڭزىمدىن سۆيگەندەك ئالاتتىم ھۇزۇر،
مەن قالسام مەيلىتى، بېغىمنى سۆيسەڭ.

بىلدۈرەر غىچىلداپ ئىككى چېلىكىڭ
كوچامدىن ئۆستەڭگە ئۆتكەنلىكىڭنى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئاڭلىسام بولمامدۇ، سېنىڭمۇ مېنى
قايسىبىر دوقمۇشتا كۈتكەنلىكىڭنى.

ئاز ئەمەس مېنىمۇ ئەگىپ يۈرگەنلەر،
ئۆزلۈكتا سېنىڭدىن قالمايدۇ ھەتتا.
ۋە لېكىن، كۆيمەيدۇ بۇ يۈرەك، بۇ تەن،
سېنىڭدىن ئۆزگىلەر قالىغان ئوتتا.

تۆگۈچى نەقەدەر چىگىش جاھان بۇ،
بىلمىدىم، يېپىنىڭ ئۇچى قەيەردە؟
بەس، ئەمدى ۋاقتىمنى زايە قىلغۇم يوق،
سېنىڭدىن ئۆزگىنى سۆزلەپ بۇ يەردە.

قەدرىمنى قىلىپ قوي، سۆيدى دەپ مېنى،
ئەزىزىم، ئارتۇقچە قويما غەمگىمۇ.
قاراپ قوي، سۆيگۈنىڭ ھۆرمىتى بولسۇن،
كوچامدىن ئۆتكەندە دېرىزەمگىمۇ.

*

## مەنمۇ خەقتەك ئىنسانغۇ دەيمەن

بۇركۈت باقسام قويغا قول سالپتۇ،
قۇرغۇي باقسام كەپتەرنى ئاپتۇ.

تووا، دەيمەن، مېنىڭ كۆڭلۈممۇ
ئىشرەتلەرگە ئۆگىنىپ قاپتۇ.

جىلۋە قىلار باغدا تۈمەن گۈل،
بىرى چوغلۇق، بىرى چىمەنگۈل.
بولۇپ قالدى ئاخىر گۇناھكار،
مېنىڭدىمۇ شۇڭا بۇ كۆڭۈل.

سالماق بولۇپ نۇقسانغا نۇقتا،
بىرى دېدى: بولدى، بەس، توختا!
تىزگىنلىمەك تەستۇر كۆڭۈلنى،
بەلكىم، ئاخىر ئۆلەرمەن ئوقتا.

سوراق قىلسا نەدىن غەم يەيمەن،
سۆيگۈ دېگەن ئىھسانغۇ دەيمەن.
بولمامدىكەن گۈلنى كۆپ قىسسام،
مەنمۇ خەقتەك ئىنسانغۇ، دەيمەن! 128

*

## ئېتىزلارغا باردىڭمۇ، قىزچاق

ئېتىزلارغا باردىڭمۇ، قىزچاق،
كېۋەزلىككە بېرىپ يۈرەمسەن؟

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىڭى ئادرېسى

بىرىپ قويۇپ ماڭا ۋەدەڭنى،
باشقا خىيال سۈرۈپ يۈرەمسەن؟

ئۆستەڭ چاپقان نۆۋەر يىگىتلەر
ياقماي قالدى ساڭا نېمىشكە؟
يىغلىمامدىم، شەھەرنى كۆرۈپ —
ئېغىپ كەتسەڭ ئالتۇن-كۈمۈشكە؟!

ئېتىزلىقتا ئۇچرىشاي دېسەم،
بۇغدايلىقنى بىلمەس بوپقاپسەن.
قىزى تۇرۇپ ئەھلى دېھقاننىڭ،
بىزدەكلەرنى سۆيمەس بوپقاپسەن.

ئون يەتتىگە ئەمدى كىرگەنتىڭ،
تارتىپ قاپتۇ مەيلىڭ شەھەرگە.
شەھەرلىكلەر تەلەيلىك ئىكەن،
ئېرىشىپتۇ، دېمەك، گۆھەرگە.

ئانا يېزاڭ شەھەرلەشكىچە،
بولۇپ تۇراي دەپسەن شەھەرلىك.
ئويلاپ قالما ھەسەت قىلدى، دەپ،
سەن بىلەن بىز ھامان بىر يەرلىك.

ئۇنتۇمايسەن سەھرانى بەلكىم،
سېغىنغاندا كېلىپ-كېتىپ يۈر.
بارغانلاردىن سوراپ تۇر بىزنى،
يانغانلاردىن سالام ئېيتىپ يۈر.

## سۆيۈنگەننى سۆيۈپ قوي

سۆيۈنگەننى سۆيۈپ قوي، سەندىن كۆڭلى قالمىسۇن،
بىر سۆيۈشمۇ غەنىمەت، مەيلى قانسۇن، قانمىسۇن.
شۇنىڭغىمۇ يېتەلمەي يۈرگەنلەرنى ئاز دېمىسەن،
لېۋىڭ سۆيسۇن، كۆڭلۈڭنىڭ سۆيمەسلىكى چانمىسۇن.

ئادىمىيلىك سانالدى شۇنداق ياخشى كۆڭۈللەر،
ئاسان ئىشمۇ بىراۋغا تۇتۇپ بەرمەك مەڭزىنى.
سۆيۈپ قويساڭ بىر قېتىم ئەجەب ئەمەس بىچارە
بولۇپ قالسا سۆرگەندەك بۇ جاھاننىڭ پەيزىنى.

ساۋاب دېگەن شۇ ساڭا، تاۋاپ دېگەن شۇ ساڭا،
باي بولغاندەك سەن بىلەن ئۇنتۇمايدۇ ئۆلگىچە.
كۆڭۈل دېگەن ئەزەلدە كۆكلەش ئۈچۈن يارالغان،
ئالدىرايدۇ شۇڭلاشقا سۆيۈلگىچە، سۆيگىچە.

ئەگىپ يۇرگەن بىراۋنىڭ كۆڭلى قالغان يامانـدۇر،
كۆڭۈل دېگەن قىزىل گۇل، ئۇزمىسەڭمۇ يۇراپ قوي.
ئۇنتۇماپتۇ، دەپ قالسۇن سۆيمىسىمۇ، بىر كۈنى
بارغانلاردىن سالام ئېيت، كەلگەنلەردىن سوراپ قوي.

لەنەت تولا كەينىدە باغرى تاشلىق قىلغاننىڭ،
ئەيىبلەيدۇ ئاشىقلار ئادىمىلىك ئەمەس دەپ،
مىڭ گۇل يۇراپ، بىر گۇلنى قىسىدىغان ئىش تۇرسا،
بۇ ئىشىقنى بولامدۇ ئىزدىن چىققان ھەۋەس دەپ؟

2003-يىل 10-ئىيۇن، غۇلجا



ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# قانداق قىلارمەن

ماڭا ئېيتماي باغقا بارساڭ قانداق قىلارمەن،
ئەل ياتقاندا باغدا قالساڭ قانداق قىلارمەن؟
توختام يازدى، دەپ ئاڭلايمەن كىملەر بىلەندۇ،
ئەمما، غەيرىي خەتلەر يازساڭ قانداق قىلارمەن؟

تىجارەت، دەپ يۈرۈپ كەتتىڭ شەھەرمۇ شەھەر،
تۈمەن شۈكۈر! تىجارەت، دەپ ساتماپسەن زەھەر.
شۇنداقتىمۇ ئۇيغىنىمەن غەمدە ھەر سەھەر،
باي بولغاندا مەندىن چانساڭ قانداق قىلارمەن؟

قۇدۇق قېزىپ سۇ چىقاردىڭ بىنەملەرگىمۇ،
سۆيگۈ بەردىڭ مەندىن ئاۋۋال قاقاس يەرگىمۇ.
ساياھەت دەپ چىقىپ كەتتىڭ چەت ئەللەرگىمۇ،
ھەپتە دېسەم، ئايدا كەلسەڭ قانداق قىلارمەن؟

ئاناڭ دەپتۇ: بىزنىڭ چۇغلۇق پىكاپ ئالغۇدەك،
داداڭ دەپتۇ: يېزىمىزغا مەكتەپ سالغۇدەك.
شۇ كەمگىچە سۆزلەشمىدۇق ياكى قانغۇدەك،
شۇ ئىشلارنى قىلالمىساڭ قانداق قىلارمەن؟

www.uyghurkitap.com

كىچىكتۈردۈڭ تويىمىزنى يەنە ئىككى يىل،
مەكتەپ، دېسەڭ مەيلى دېدىم، ئوقۇدۇڭ سىجىل.
ئەجەب قىزسەن، شۇ گەپ چىقسا بولسەن خىجىل،
يەنە جاۋاب ئالالمىسام قانداق قىلارمەن؟

بولۇپ كەتتىڭ كۈندىن-كۈنگە توزدەك چىرايلىق،
چىرايىڭمۇ ئىككىمىزگە بېھېساب بايلىق،
بولۇۋېلىپ كىم بىلەندۇر يەنە ئۆي-جايلىق،
بۇ سۆيگۈدە يولدىن ئازساڭ قانداق قىلارمەن؟

ئالتۇن رەڭلىك يانفونىڭنى كىم ئېلىپ بەردى،
ئاخشام يېگەن قوغۇنلارنى كىم تىلىپ بەردى؟
ناخشا ئېيتساڭ دۇتارىڭنى كىم چېلىپ بەردى؟
مەن يوق يەردە سەنمۇ چالساڭ قانداق قىلارمەن؟



خاتىرجەممەن، سورۇنلاردىن يالغۇز يانمايسەن،
يانارىڭدا ئەمما مېنى ئەسكە ئالمايسەن.
قانداق قازان ئۇدۇل كەلسە شۇندا قاينايسەن،
قايناپ يۈرۈپ مەندىن تانساڭ قانداق قىلارمەن؟

دېرىكىڭنى قىلىپ يۈردۈم بارغان يېرىڭدىن،
ساقلىقىڭنى سوراشتۇردۇم قونغان يېرىڭدىن.

ئەللەر ئالۇر خۇش ھىدىڭنى يۇيغان كىرىڭدىن.
ياغلىقىڭنى شاختا يايساڭ قانداق قىلارمەن؟

كۆپ بار يەردىن سەن ئۆزۈڭنى تارتساڭ بولاتتى،
كۆزى يامان ئادەملەردىن قاچساڭ بولاتتى.
تويىمىزدىن تېزرەك ئېغىز ئاچساڭ بولاتتى،
يەنە ماڭا جاپا سالساڭ قانداق قىلارمەن؟

كېتەرسەنمۇ بۇ سۆيگۈدە مېنىڭدىن ئايىنىپ،
كېتەرسەنمۇ قويلىرىڭنى مېنىڭدىن ئايرىپ؟
بوران چىقسا نابۇت قىلار گۈللەرنى قايرىپ،
ئۆزگە باغدىن ئۆرۈك قاقساڭ قانداق قىلارمەن؟

ھەممە ئادەم سېنى چېچەن، سېنى ئۇز دېسە،
شۇنداق چېچەن گۈزەللەرنىڭ خىلى بىز، دېسە،
غايىبانە ئاشىقلىرىڭ سېنى ئىزدىسە،
ئىزدىگەنگە ئوتنى ياقساڭ قانداق قىلارمەن؟

2003-يىل 3-ئىيۇل، غۇلجا

## ناخشاك ئىدى ناشتىلىقىمىز

(داڭلىق كومپوزىتور مەرھۇم غىياسىدىن باراتقا مەرسىيە)

كىم ئويلىغان بۇ جۇدالىقنى،
ئايرىۋەتتى ئۆلۈم بىزلەرنى.
شېئىر بىلەن تۇرىمەن بەزلەپ،
يىغلاپ تۇرغان دالا-تۈزلەرنى.

قېنى ئۇ، دەپ سورايدۇ مەندىن،
سېنى ئىزدەپ ئاسماندا قۇشلار.
قەبرىستاننى كۆرسەتتىم ئاخىر...
شۇنداق ئىكەن جاھاندا ئىشلار.

ياخشىلارنىڭ بىرى سەن ئىدىڭ،
مەندەكلەردىن مىليونلارغا تەڭ.
سەن بار يەردە باھار بار ئىدى،
خۇش ئاۋازىڭ بۇلبۇللارغا تەڭ.

ئوق تەگكەندەك بىر ئىش بولدىغۇ،
ئوق تەگمىدى، تىل تەگدى ساڭا.
كىممۇ سەندەك بېرىدۇ يېزىپ،
شېئىر يازسام، ئاھاڭنى ماڭا؟



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

ناخشاڭ ئىدى ناشتىلىقىمىز،
گۈش يېگەندەك بولاتتۇق ئاڭلاپ.
ئەللىك يىللىق تارىخنى ئاچساق،
ئاۋۋال چىقار ناخشاڭ جاراڭلاپ.

كېتىپ قالدىڭ ئاتمىش ئىچىدە،
ئاز ئىدىغۇ يەتمىشمۇ تېخى.
تەقدىر ئەجەب ساڭا كەلگەندە،
بولالمىدى ئۆمۈرگە سېخي.

كەلگەنلەردىن بۇ دۇنياغىمۇ،
سىنىڭدەكلەر كېلىشۈرمەيدۇ.
گۆھەر دېگەن چۈنكى، ئەزەلدىن
ھەممە يەردە بولىشۈرمەيدۇ.

بىزگە نېسىپ بولغان گۆھەرسەن،
تەڭرى بەرگەن ئاتمىش يىلدا بىر.
كۆز يۇمغاندا يادلاناقتا سەن،
شۇڭا دوستۇم ھەر بىر دىلدا بىر.

ئۇھ تارتقۇمىز كېلىدۇ تارتساق،
بولامدۇ يا جۇدالىق شۇنداق؟
قانچىلاردىن بولۇپمۇ جۇدا،
ئۇھ تارتمىغان ئىدۇققۇ مۇنداق؟

136

www.uyghurkitap.com

كۆز ياشلارنىڭ ساڭا تۆكۈلگەن،
ئۇنداق ئاسان توختىمىقى تەس.
ئىجادكارلار چىقسىمۇ يەنە،
لېكىن، ساڭا ئوخشىمىقى تەس.

ناخشىلاردا سەن ئىجاد ئەتكەن
ئايان ئىدى ئۇيغۇرنىڭ ئۆزى.
كۆرۈنمەيتتى گۈزەل جىسمىدا،
ئۆزگىلەرنىڭ ئاغزى، قاش، كۆزى.

زىكرىكامنىڭ ئىزىدا ئىدىڭ،
ناخشا ئىدى تىنىقلىرىڭمۇ،
تەمبۇر ئىدىڭ دائىم سازلاقلىق،
ناخشا ئىدى قىلىقلىرىڭمۇ.

ناخشاڭ ئىدى چەشلەنگەن بوغداي،
خامانلاردا پاكىزدىن پاكىز.
ئايلىناتتى ئەلنىڭ مۈلكىگە،
يۈرەكلەرگە تارتاتتى يىلتىز.

سېنىڭ ناخشاڭ ئىدى تونۇردىن
سويۇۋالغان گويا ئىسسىق نان.
ناخشاڭ تۇرسا شاراب نە ھاجەت،
ناخشاڭ بىلەن يايرايتتى بۇ جان.

زەرگەر ئىدىڭ، چىقاتتى دائىم
قىلىپىڭدىن ئالتۇن ناخشىلار.
قۇيالمايتتى زەرگەر بولسىمۇ،
سەن قۇيغاننى سەندىن باشقىلار.

سۆزۈڭ ئىدى ناخشاڭ سىمابتەك،
خالىمايتتىڭ ئەبجەش ئىجادنى.
شۇنداق ئىدى سىنىڭ ئىجادىڭ،
يولاتمايتتى ئۆزگە داتنى.

خەير-خوش دوستۇم، خەير ئىجادكار،
ئايرىلمايتتۇق، تەقدىر ئايرىدى.
خوش ئېيتمايتتىم ئۆلۈم بولمىسا،
خوش ئېيتماقنى تەقدىر بۇيرىدى.

2003-يىل 23-ئاۋغۇست

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## ئېپپەت-نومۇس ۋەتەن ساقا،
## قوغدىمىقىڭ ھەق

قول سۇنمىسام ئويلاپ قالما قورسىقى توق، دەپ،
گەپ ئاچمىسام ئويلاپ قالما، سۆيگۈسى يوق، دەپ.
ئويلاپ قالما كەلمەي يۈرسەم سەندىن ئەيمىنىپ،
سېغىنمايدۇ، شۇڭا كېلىپ كۆرگۈسى يوق، دەپ.

مەست بولغىنىم شاراب ئەمەس، سېنىڭ ۋەجىڭدۇر،
يىغلىغىنىم مەستلىك ئەمەس، سېنىڭ دەردىڭدۇر.
ئاختۇرۇپ باق يانچۇقۇڭنى، خەتلەر ئاز ئەمەس،
شۇ خەتلەرنىڭ تالايلىرى مېنىڭ ئەرزىمدۇر.

يوشۇرساممۇ ئۇنى، ئەللەر بىلىپ كەتتىغۇ،
كۆرەلمەسلەر تالاي قېتىم كېلىپ كەتتىغۇ!
تۆت ئېغىز گەپ قىلالماستىن موشۇنچىلىكمۇ،
تالاي ئاشىق ھىجران بىلەن ئۆلۈپ كەتتىغۇ؟

سېغىنغاندا چىدالماستىن ئۇردۇم تېلېفون،
كۆندە ئۇرسام ئون ئىككى رەت، قېنى ئاقا پۇل؟
ھەر ئۇرغاندا تۆگەمدىغان دىدارسىز گەپ-سۆز،
بولۇپ تۇرسا بۇ يۈرەكنىڭ گويا تىلى ئون؟!

ئۆزۈم ئەسكى، جىمى سەۋەن ئۆزۈمدىن ئۆتكەن،
ئۆزۈم ئازغۇن، پاراغەتنى شەيتاندىن كۆتكەن.
ئۇلالماستىن يۈرۈپ كەتتىم ئۆزۈلگەن تارنى،
يار كۆڭلىنى ئالماق بەكمۇ مۇشەققەت ئىكەن.

ئۆزگىلەرگە مۇشكۇل ئىدى سىنى ئۇچراتماق،
ئادەت ئىدى ئىككىمىزگە ئايدا ئۇچراشماق.
ئاق قوزىدەك ياۋاشلىقىڭ ئەقلىمنى ئالغان،
ئارتۇق ئىدى ساڭا سۆزلەپ ئىغىز ئۇپراتماق.

كەم سۆزلىكىڭ كەم تىپىلۇر ئۆزگە قىزلاردا،
ئىزىڭدىكى گۈزەللىك يوق ئۆزگە ئىزلاردا.
كۆكسى ئوچۇق تەنتەكلەردە ئۇزلۇق نە قىلسۇن،
جەلىپكارلىق نىمە قىلسۇن هاياسىزلاردا؟!

سۈرەتلىسەم، تىنچ ئاققان دەرياسەن گويا،
تونۇرىدا ئاق نان پىشقان سەهرا سەن گويا.
يولۇقتۇرساڭ چوڭ-كىچىككە بۇغداي سۆزۈڭ بار،
ساڭا خۇمار بىر كۆرگىلى تاغدا مەرگىيا.

قىز بولساڭمۇ قىزىقمايسەن زىبۇ زىننەتكە،
مۇهەببەتكە قوشقىنىڭ يوق ئالتۇننى شەرتكە.
ۋاپادارلىق يىگىتلەرگە سالغان تويلۇقۇڭ،
ۋاپادارلار ئاشىقنى قويمايدۇ دەردكە.

پۈتۈن بويۇڭ تۇرار دائىم هايانى سۆزلەپ،
ئاشىقىڭنىڭ دەرگاھىدىن تاغ-تاشنى تۈزلەپ.
يوشۇرمايمەن قالغىنىمنى شۇڭا تەس كۈنگە،
ھۇزۇرىڭدىن نىكاھى يوق ھۇزۇرنى كۆزلەپ.

مەنزىلىمىز بولدى بىر كەچ باراڭلىق-تەكلىك،
بولۇپ چىقىپ بولدى ئاسمان قارا پىنجەكلىك.
سېنىڭ ئويۇڭ دالدا ئىزدەش بولسا يامغۇردىن،
مېنىڭ قەستىم تەك ئاستىدا ئويناپ كۈلمەكلىك.

ئۇنتۇمايمەن ئۆمۈر بويى ئاشۇ بىر دەمنى،
بىلىپ قالدىڭ چەكتىن ئاشقان مېنىڭ غەلۋەمنى.
قۇچىقىمدىن يۇلقۇنغىنىڭ ئۆزۈڭنى ئاسراش،
ئاسرىغاندەك قەھرىمانلار گويا ۋەتەننى.

چىقىپ كەتتىڭ تەك ئاستىدىن پەشنى قاققانچە،
كۆزلىرىڭدىن ئىزلىرىڭغا يامغۇر ياغقانچە.
شەيتان نەپسىم سەۋەب بولدى رەنجىشلىرىڭگە،
تەنتەكلىكنى تەن ئالماسقا ئامالىم قانچە؟

سۇغا چۈشتى چالمام شۇ كۈن، ئۆلدۈم نومۇسقا،
ئوت قويۇلدى شالدىرلىغان گويا قومۇشقا.
شۈكۈر دېدىم، يەنە سەندە بەختىم بار ئىكەن،
ئىككى ھەپتە يالۋۇرغىنىم كەتمىدى بوشقا.

ھەقلىق ئىدىڭ نېمە قىلساڭ مېنى شۇ كۈنى،
بوزەك كۆرگەن ئىدىم چۈنكى، سېنى شۇ كۈنى.
سىلكىگەندە غالىبلارچە ئىپپەت ـ نومۇسۇڭ
قېقىلدىغۇ بۇغدىيىمنىڭ دېنى شۇ كۈنى!

بىلمەيتىمەن نومۇسۇڭنىڭ ۋەتەنلىكىنى،
تاس قاپتىمەن نومۇسۇڭنى كېپەنلىگىلى.
ئاشىق ئۈچۈن ئەڭ ئاۋۋىلى ئەقىل لازىمكەن،
سەندىن كۆردۈم قىزلارنىڭمۇ چېچەنلىكىنى.

ئىپپەت ـ نومۇس ۋەتەن ساڭا، قوغدىمىقىڭ ھەق،
شۇ ۋەتەندىن رەزىللەرنى قوغلىمىقىڭ ھەق.
قىز دېگەننىڭ ئەزىزلىكى ئاشۇ خىسلەتتە،
ئۆيۈنىمۇ شۇ مىزاندا ئۆيىنىمىقىڭ ھەق.

كەتمىگەچكە ئەتراپىڭدىن غىلجىڭلاپ نېرى،
قايسى كۈنى تەستەك يەپتۇ سېنىڭدىن بىرى.
چۆچۈپ كەتتىم شۇنى ئاڭلاپ، بولدى شۇنداقلا،
يەنە بىر رەت يۇيۇلغاندەك قەلبىمنىڭ كىرى.

يۇلتۇزلاردەك ئىقىپ كەتكەن گويا تۈندىكى،
جىق قىزلارنى ئويلاپ قالدىم ئەتراپىمدىكى.
كۆرۈنگەنگە ئېگىپ بەرسە نازۇك بويىنىنى،
قالمايدىكەن قىلچە ئۈزلۈق، پۇراق گۈلدىكى.

142

شۇنداق قىزلار توغرا يولدىن چەتنەپ كەتتىغۇ،
پۇلنى كۆرۈپ ئۆز-ئۆزىنى سېتىۋەتتىغۇ!
جانان چىنە ئىدى ئۇلار جاراڭلاپ تۇرغان،
ئۆز-ئۆزىنى ئۇن ئالتىدە چېقىۋەتتىغۇ!

كۆك كۆچەتنى ئوتتۇن قىلسا مەيلى، دەپ ئۇلار،
يالماپ تۇرغان ئوچاقلارغا يېقىۋەتتىغۇ!
ئىشرەت تولغان كوچىلاردا تامام شۇنداقلار،
ياشلىقىنى زەھەر بىلەن چېكىۋەتتىغۇ!

ئۇلار ئىپپەت-نومۇسنى ۋەتەن دەپ بىلمەس،
ئۇلار شۇنداق گۇمرانلاردۇر، ئۆزىنى سۆيمەس.
تەسۋىرلىسەڭ، ئۇلار خۇددى ئۇنۇمسىز تۇپراق،
بىساتىدىن تىكەن ئۈنەر، قىزىل گۈل ئۈنمەس.

سېنى، گۈلۈم، ئۇنداقلارغا ئوخشىتىپ بولماس،
ئىشىكىڭدە كۈندە ھارۋا توختىتىپ بولماس.
ۋەتەن بىلگەن جىسمىدىكى ئىپپەت-نومۇسنى،
ئۆزۈڭ كەبى بىر رەنانى قاقشىتىپ بولماس.

كۆرۈنگەنلەر تۇتقان مەينى ئىچمەيسەن، ئۇقسام،
كۆرۈنگەننىڭ قازىنىدا پىشمايسەن، ئۇقسام.
ئالما بوپسەن، كۆز تەگمىسۇن، ئېگىز شاختىكى،
كۆرۈنگەننىڭ ئېتىكىگە چۈشمەيسەن، ئۇقسام.



ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېگى ئادرېسى

ئەلمىساقتىن قىز دېگەننىڭ مىزانى شۇنداق،
شاللاقلارنى تەستەكلەيدۇ ۋىجدانى شۇنداق.
قاقلانمىغان ئاشىقلار ئاز سېنىڭ تەپتىڭگە،
سېنىڭدىكى دىيانەتنىڭ گۈلخانى شۇنداق.

ۋەتەن، دەپسەن قىزلاردىكى ئىپپەت-نومۇسنى،
سەندىن ئالدىم، دېمەك، مەنمۇ ئەقلىنى، ھوشنى.
ھە ئىلاھىم، بارچە قىزلار سېنىڭدەك بولسۇن،
گۇناھ بىلسۇن دۈشمەن كەلسە قاراپ تۇرۇشنى.

2003-يىل 10-ئۆكتەبىر، غۇلجا

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## پارچىلار ۋە رۇبائىيلار

مىنگەن ئات، كىيگەن تون بەختىنىڭ بۆگۈنكى،
تاڭ ئاتسا ئۆزۈڭمۇ ئۆتمۈشىنىڭ مۈلكى.
بىر قولۇڭ گۈل ئالسۇن، بىر قولۇڭ قامچا،
دوستلىرىڭ بار يەردە دۈشمەن بار چۈنكى.

زۆرۈرى ئىنسانغا ئەڭ ئاۋۋال ئەدەپ،
ئەدەپتىن تۇغۇلار چۈنكى ياخشى گەپ.
ئەجدادلار شۇڭلاشقا بىكار ئېيتمىغان
چېپىڭ ئاز بولسىمۇ ئىسسىق بولسۇن دەپ.

كۆرۈنگەن ئاپەتتىن كەتمىگىن چۆچۈپ،
تاغ كۆچسە كۆچسۇنكى، سەن يۈرمە كۆچۈپ.
ئۆمۈرلۈك گۈلخان بوپ ياشايمەن دېسەڭ،
ئۆتكۈنچى يامغۇردا قالمىغىن ئۆچۈپ.

ئەڭ ئاۋۋال پۇل تاپتىڭ يول تاپقانلىرىڭ،
بىزگىمۇ نەمۇنە پۇل تاپقانلىرىڭ.
كۆرەڭلەپ كەتمىگىن ئېرىشكىنىڭدىن،
ئاز ئەمەس ئېھتىمال يوقاتقانلىرىڭ.

ياخشىلىق كەلمىسە سەندىن قاقچىلىك،
يامانلىق قىلمىغىن ــ بۇمۇ ياخشىلىق!
ياتىدۇ ئاپتاپتا تەقدىردىن يىغلاپ،
قارماقتىن ياخشىلىق كۈتكەن ئاق بېلىق.

ئەقىلگە قۇل بولساڭ تاپارسەن نىجات،
نەپسىڭگە ئەگەشسەڭ باسار پالاكەت.
نەپسىڭنىڭ يانچۇقى تولسا ھارامغا،
بولغۇسى بىر كۈنى دەرد ئۈستىگە دەرد.

چۈشمىگەي دوستلۇققا شۈبھە داغلىرى،
قالىدۇ تۇماندا ئىشەنچ باغلىرى.
مىس بىلەن ئالتۇننى بولغىچە ئايرىپ،
تۈگەيدۇ ئۆمۈرنىڭ گۈزەل چاغلىرى.

ئەر داڭقى، شۆھرىتى خوتۇنغا باغلىق،
بولسىمۇ بېشىدا ئاددىي بىر ياغلىق.
ئايالنىڭ ياخشىسى ئۆمۈرلۈك دۆلەت،
دۆلەتلىك بولغانلار بىراق ساناقلىق.

ئادىمىي ئادەمدە مىليوننىڭ ئىشى،
ئادىمىي بولمىسا، كىمنىڭ نە ئىشى؟
دەرەختە دەرەخ بار، ئادەمدە ئادەم،
دۇنيانى بۇزغانمۇ ئىنسان قىلمىشى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئائىلە بىر دۆلەت، ئاتا پادىشاھ،
ئائىلە باللار ئۈچۈن ھۇزۇرگاھ،
ئانىسىز ئائىلە گويا ئەسكى تام،
«ئەسكى تام» سۆزىگە كەتمەيدۇ ئىزاھ.

تاغ-تاشنى سۇ بۇزار، ئەلنى ئۆسەك سۆز،
ئىشەككە چىقىپتۇ، دېگەندەك، مۈڭگۈز.
پىچىرلاپ سۆزلەشنى قويغىن ئۆگىنىپ،
بولىسمۇ ئىنسانىنىڭ بارى ساڭا ئۆز.

سۆيگۈنى ساتقىلى بولغايمۇ پۇلغا،
كۆڭۈلنى تاپقىلى بولغايمۇ پۇلغا.
كۆڭۈلنىڭ كەينىگە كىرسە گۈللەرمۇ
تىكەنلەر ئالدىدا ئايلىنار قۇلغا.

خوتۇننىڭ ياخشىسى سۆيەر ئۆيۈڭنى،
باغلايدۇ ئۆيۈڭگە كۆڭۈل كۈيۈڭنى.
خوتۇننىڭ يامىنى پۇلۇڭنى يار، دەپ،
ئەكسىچە قازاندىن چاچار سۈيۈڭنى.

ساھىبخان نان بەرسە يېمەيمەن، دېمە،
قولۇڭغا ئال ئۇنى، يېمىسەڭ يېمە.
بەرگەننىڭ بەرىكتى ئاشار يەنىمۇ،
بەرمىسە، ۋە لېكىن بېخىلكەن، دېمە.

قۇرۇسۇن نامەردنىڭ كىيگەن چاپىنى،
مىڭ ئەلا ئۇنىڭدىن مەردنىڭ تاپىنى.
تەگرىنىڭ ئەجەب ئىش ئويۇنارغا ئەما،
نامەردكە بەرگىنى ئالتۇن ساقىنى؟

ھەقىقەت ئالەمنى كەزگۈچى سەيياھ،
ئۇ پۈتكۈل جاھانغا غايىبانە شاھ.
ھەقىقەت ئاقلايدۇ ئۆزىنى ئۆزى،
ئۇ ھەرگىز سۇنمايدۇ، ئېگىلىسمۇ گاھ

بىلىمسىز ئوخشايدۇ ياغسىز چىراغقا،
بارمايدۇ يورۇقى ھەرگىز يىراققا.
بىلىملىك، بىلىمسىز ئىنسانىنىڭ پەرقى،
ئوخشايدۇ گويا كى ئاغرىققا، ساققا.

ھۆرۈنغا بۇگۈندىن ئەتە ئوڭايدۇر،
ھۆرۈننىڭ جەننىتى بىر تويغان جايدۇر.
تەكتىدە يا بىلىق، يا گىياھ بولماس،
بەئەينى سۇ ئاققان بىر دەملىك سايدۇر.

قىڭغايغان دەرەخنى غۇلىماس دېمە،
قىڭغايسا ھالاكەت يولىماس دېمە.
ھەر كىمگە بىر تىرەك نامازدىن پەرز،
تىرەكلىك تاملاردىن ھەرگىز غەم يېمە.

زىيادە مەيخورلۇق ئەجەلگە يېقىن،
زىيادە خۇشاللىق بىر دەملىك ئېقىن.
قانائەت ئىنسانغا ئۇيقۇ دورىسى،
ئىجاد ۋە ئەمگەكتە ئۇلغىيار ئەقىل.

قەدىمى قىسقىنىڭ يولىمۇ قىسقا،
قىسقىنىڭ تەقدىرى يېقىندۇر قىشقا.
بەختىڭنى تەقدىرگە ئارتقىنىڭ بىلەن،
ئارزۇيۇڭ ئەجرىسىز ئاشمايدۇ ئىشقا.

ياشاشقا كەلدۇق بىز، ياراتقىلى ھەم،
ياراتساق، ياشاشتىن ئازايمامدۇ غەم؟!
بىر كۆچەت تىك ياكى قۇيغىن بىر كېسەك،
ئەجرىڭگە ئاڭلايسەن چاۋاك دەممۇ دەم.

مەغرۇرلۇق بەختىڭگە چۈشۈرەر سايە،
تەكەببۇر ئەھلىدە چۈشكۈندۇر غايە.
تەلەينى داۋراڭدىن يۈرگىچە ئىزدەپ،
تەقدىرنىڭ ئۆزىگە قىلغىن رىئايە.

راست سۆزنىڭ ھېچيەردە خىجالىتى يوق،
يالغان گەپ ياياقتۇر، مىنەر ئېتى يوق.
يالغانىنىڭ بېغىدا كۆكلىمەس دەرەخ،
يا پىشقان ئۆرۈكى، ياكى قېقى يوق.

بىر شۇڭقار كۆپايە تۈمەن قاغىغا،
ئوخشايدۇ بىر شۇڭقار يا بىر سالغىغا.
ئەزەلدىن ئادەت ئۇ ـــ قاغا-قۇزغۇندىن
ئالمايدۇ ئۆزىنى شۇڭقار دالدىغا.

خاتادۇر ماڭغاننى يىقىلماس دېگەن،
خاتادۇر تېرىقنى قېقىلماس، دېگەن.
ئىنسانغا يامىنى ـــ يىقىلىپ يېتىپ،
قىسايغان بىراۋغا ھىجايغان-كۈلگەن.

موللامنىڭ ھۈنىرى تىلتۇمار پۈتۈش،
ھۇرۇننىڭ ھۈنىرى تەييارغا كۈتۈش.
يەنە بىر ھۈنىرى ئىشقا بۇيرىساڭ،
ئۆزۈڭگە ئاتاڭدەك ئەقىل كۆرسىتىش.

كېچىدە يېقىلغان چىراغدۇر پاكلىق،
چىراغلىق ھۇجراڭغا ھەمراھتۇر ساقلىق.
چىراغلىق ئۆيلەرگە كىرگەيمۇ ئوغرى،
دېمەككى، پاكلىقنىڭ ئۆزى بىر شاھلىق.

ـــ گۆھەرلىك بولغىچە ھۈنەرلىك بول، ـــ دەپ،
ئۆتۈپتۇ ئەجدادلار غېمىمىزنى يەپ،
ئەجىبا، سىڭمەيدۇ بىزگە ياخشى گەپ،
ھۈنەرلىك بولمىدۇق، بولدۇق بىئەدەپ.

ھەر كىمگە سەۋەندىن ساقلانماق قىيىن،
ئەقىلمۇ ئۇلغىيار سەۋەندىن كېيىن.
سەۋەنىنىڭ ئۆزىدىن ساۋىقى ئەۋزەل،
قوبۇل قىل، بولسىمۇ نەرقى بىر تىيىن.

دەپتىكەن: سۇنايغا قاراپ ئۇرغىن داپ،
دەپتىكەن: ئىشىڭغا قاراپ ئۇرغىن لاپ.
چوڭ گەپنىڭ چالمىسى ئىبزىلەر ئاسان،
لاپ ئۇرماق ھەر كىمنى قىلىدۇ خاراب.

تۇغۇلغان بولسىمۇ گۈزەللەر ئايدىن،
ياخشى نام ئەۋزەلدۇر ئايدەك چىرايدىن.
ماختىنغان سۈرەتلەر قەلەمدىن پەيدا،
ماختىنغان ھەيكەللەر ياسىلار لايدىن.

ئادالەت سۆيۈشتۇر ۋىجداننىڭ يولى،
ئادالەت سۆيگەنلەر ھەقنىڭ بۇلبۇلى.
ھەقىقەت شامىنى كۆتۈرگەنلەرنىڭ
ۋە لېكىن، گاھىدا كۆيىدۇ قولى.

ئەزەلدىن ئاچچىقنىڭ دورىسى سۈكۈت،
شۇنداقلا تەمكىننىڭ جورىسى سۈكۈت.
غەزەپكە شۇندىن ھەم ئۆزگە چارە يوق،
كۆمەرگە ئۇنىڭمۇ ئورىسى سۈكۈت.



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

دۇنيادا قىممەتلىك ئىككى نەرسە بار،
قولۇڭدىن كەتكەندە قاقشايسەن زار-زار.
بىرى دەل ياشلىقتۇر، بىرى تەن ساقلىق،
ئۇلارسىز ئىيتىلماس ناخشاڭمۇ «يار-يار».

«ئات كۆرمىگەن ئات مىنسە ئەگەر،
ئويمان-دۆڭگە چېپىپ ئۆلتۈرەر»
مىلتىق تۇتسا مىلتىق كۆرمىگەن،
گۇناھسىزنى ئېتىپ ئۆلتۈرەر.

ياخشى ئادەم كۆچەر خوشلىشىپ،
يامان ئادەم كېتەر مۇشتلىشىپ.
ئايرىمىساڭ ياخشى-يامانىنى،
ئايرىلىسەن تۆت كۆز دوستلىشىپ.

ئىلىم گويا چىرايلىق ئاتتۇر،
يۈرۈشلىرى ئەرگە قاناتتۇر.
مىنەلىسە كىمكى ئۇنى،
ئاڭا خارلىق، موھتاجلىق ياتتۇر.

يەڭگەن كىشى قەھر-غەزەپنى،
ئۇلغايتىدۇ ئەخلاق-ئەدەپنى.
باتۇر، دەيدۇ، ئاچچىقنى يەڭگەن،
تارتىپ يۈرمەس بىھۇدە دەردنى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

بايلىق ئەمەس پۇلنىڭ كۆپلىكى،
ئەسلىي بايلىق كۆڭۈل توقلىقى.
شۇ ھېكمەتنى چۈشەنمىگەننىڭ،
سەۋەب-ۋەجى دىتىنىڭ يوقلىقى.

كەتمەن بىزار ئەسكى ساماندىن،
ھەركىم بىزار خۇلقى ياماندىن.
ئۆي ئىسسىقى دىلدىكى چوغدا،
ئوتۇن سەندىن، ئىسسىق جاناندىن.

سەن ئەمىنلىك ئىزدىسەڭ ئەگەر،
دۈشمىنىڭدىن ئەيلىگىن ھەزەر.
بىخوتلۇقتا بولماس سائادەت،
دوستۇڭغىمۇ سېلىپ يۈر نەزەر.

بىلىملىكلەر ئەلنىڭ غېمىدە،
بىئەقىللەر گالنىڭ غېمىدە.
ئەھلى ئاقىل ئالتۇن چايقايدۇ،
چاشقان كۆزى ئاتنىڭ يېمىدە.

ئېرىتىدۇ ياخشى گەپ دىلنى،
زەنجىر قىلار يامان گەپ قىلنى.
يول بەرمىسە ئېغىزغا ئېغىز،
بىر-بىرىگە چىللار ئەجەلنى.

بۇغداي نەدە تەرمىسەك، يارىم،
تېرىق نەدە تەرمىسەك، يارىم؟
نان بېرەمدۇ بۇ دۇنيا بىزگە،
بىزمۇ ئاڭا بەرمىسەك، يارىم؟!

ئازدۇرغاچقا ئەقىلنى شاراب،
قىلىپ قويار يىگىتنى خاراب.
تۇگىشىسەن شاراب ئىچمەيمۇ،
ئىش تۇتمىساڭ جاھانغا قاراپ.

رەنا بولسا، مەھبۇبەڭ بولسۇن،
دانا بولسا، ئۆيۈڭدە قونسۇن.
بىلمىگەننى سوراپ بىل، لېكىن،
ئاز بولسىمۇ ئۆز ئەقلىڭ بولسۇن.

2003-يىل 10-نويابىر، غۇلجا

www.uyghurkitap.com

# ئايلىناي يۈرىكىدىن ياخشىلارنىڭ

قەدرىمنى قىلغانلارغا قەرزدارمەن،
قەلەمنى ئالدىم شۇڭا يېڭىۋاشتىن.
باشقىدىن تارتتىم ئۇلاڭ، قۇشقۇننى چىڭ،
لەۋزىمۇ قايتا بۈگۈن پۈتتى تاشتىن.

ئەل بەرگەن گۈلدەستىنى قولۇمدىكى
كىم بەردى دېسە، دېدىم ئانام بەردى!
خۇشالمەن، خىجىللىقتا يۈرۈپ كەلگەن
قەلبىمگە شۇ گۈلدەستە ئارام بەردى.

ئەرزىمەس ئەجرىم چىقتى مۇنبەرلەرگە،*
چاۋاكلار سۆيدى ئىشچان قەلىمىمنى.
مەنمۇ بىر ئەل شائىرى بوپقاپتىمەن،
ياق، دېسەم دەلىل قىلدى قەدىمىمنى.

ئارقامغا قاراپ باقتىم ئىختىيارسىز،
يوق مېنىڭ ئىزىمدا گۈل ماختىغىدەك.

* بۇ يەردە 2003-يىل 11-ئاينىڭ 13-كۈنى ئۈرۈمچىدە شائىر ئىجادىيىتىنىڭ 45 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

پىچىرلاپ ئۆز-ئۆزۈمگە دەيمەن مېنىڭ —
نەرىم بار شائىرلارغا ئوخشىغىدەك؟

شۈندىمۇ ھېساب بوپتۇ تۆككەن تەرىم،
يېزىلىپ تۆھپىكارلار دەپتىرىگە.
بارچىسى ئۇستاز ماڭا ئالقىشلارنىڭ،
قۇلىقىم بولدى قايىل گەپلىرىگە.

تاي ئەمەس، ئات كۈتەركەن خەلقىم مەندىن،
مەڭگۈلۈك ئۆمۈر تىلەپ كۈيلىرىمگە.
غايىبتىن شۇ تىلەكلەر قىلار پەرۋىش،
سۇ پۈركۈپ مېنىڭ تىككەن گۈللىرىمگە.

رىغبەتنىڭ تاشلىرىدا ئەزىز دوستلار،
قاشارغان قەلىمىمنى قويدى بىلەپ.
ئايلىناي يۈرىكىدىن ياخشىلارنىڭ،
باراركىن قاچانغىچە مېنى يۆلەپ؟!

قوشۇلدى بىر جېنىمغا يەنە مىڭ جان،
ئۇنتۇلدى ئاتىمىشتىنمۇ ھالقىغىنىم.
قايتىمەن قايتىپ گويا يىگىتلىككە،
رۇسلىنىپ يېڭىۋاشتىن دۇمچەك بېلىم.

مىڭ شېئىر ئەھدى قىلدىم شۇڭا ئەلگە،
ئۇلىشار بەلكىم تېخى تۈمەنگىمۇ.
ئىزلىرىم ئوخشاپ قالسا ئەجەب ئەمەس،
جەلپكار باھاردىكى چىمەنگىمۇ.

بىر شېئىر پۈتتى بۈگۈن ھاياجاندىن،
ۋەتەنگە جاكا قىلىپ رەھمىتىمنى.
خىيالىم قېپقىزىل چەش راسلىماقتۇر،
كەچۈرگەي ئاندا-ساندا ئەخلىتىمنى!

2003-يىل 20-نويابىر، غۇلجا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# قۇتلۇق كۈن نورۇز دېگەن دېھقان ئۈچۈن

قۇتلۇق كۈن نورۇز دېگەن دېھقان ئۈچۈن،
دېھقانسىز چۈنكى، نېمىنىڭ بولماس پۈتۈن.
دېھقانسىز قايىنمايدۇ قازىنىڭمۇ،
دېھقانسىز تۈرخۇنۇڭدىن چىقماس تۈتۈن.

ئاق گۈرۈچ، ئاق نان ئۇنىڭ شەرەپ-شانى،
چۈنكى، ئۇ تۆرەلگەنىنىڭ قەدىردانى.
ئاش تېرىپ، ئاچ-توق قالغان كۈنلىرى بار،
شۇڭا، ئۇ بۇ ھاياتىنىڭ قەدىردانى.

قەيسەر ئۇ، دوقاللارغا «ۋاي!» دېمەيدۇ،
تەمكىن ئۇ، مۆلدۈر ياغسا مەڭدىمەيدۇ،
خامىنى بەرىكەت بەرسە خاندەك خۇشال،
بەرمىسە تەقدىردىنمۇ رەنجىمەيدۇ.

ئاسمانىنىڭ يامغۇرى بار، گۈلدۈرى بار،
بەزىدە ئۈششۈكى بار، مۆلدۈرى بار.
شائىرنىڭ يامغۇرلۇقى، تونى بولسا،
دېھقاننىڭ چىدام ناملىق دىلبىرى بار.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى ئادرېسى

باللىرى نان ئىلغىماس داستىخاندىن،
ئەزىزلەر ئاياللىرى ناننى جاندىن.
دېھقاندەك ئەلا ئۆتكەن كىم بار يەنە،
ھاياتلىق بىزدىن ئالغان ئىمتىھاندىن؟

ئېتىز، دەپ ئۆيىمۇ گاھ ئۇنتۇلىدۇ،
كۆن پېتىپ، ھەتتا ئايمۇ ئولتۇرىدۇ.
خاماندا تولماي قالغان تاغرىنى
ئۇ يەنە «شۈكۈر» بىلەن تولدۇرىدۇ.

سويارغا ئۆلگۈرمىسەك پاقلاننى بىز،
ئۇزاتتۇق ئاق نان بىلەن مېھماننى بىز.
كۆرمىدۇق، ئاڭلىمىدۇق ئەلمىساقتىن،
ئېتىزنى تاشلاپ قاچقان دېھقاننى بىز.



كىمدە بار شۇنداق شەرەپ، شۇ جاسارەت،
كىمدە بار شۇ مۆجىزە، شۇ كارامەت؟
قايسىمىز ئېلىپ چىقتۇق بىر ھۈنەرنى
دېھقاندەك ئاخىرىغا ساق-سالامەت؟

تەس، دېمەس دېھقان بولماق تەس بولسىمۇ،
گاھ خۇشال، گاھى كۆڭلى غەش بولسىمۇ.

بار تېخى چوققىلاردا پاراغىتى،
هازىرچە چىققان دۆگى پەس بولسىمۇ.

هاللىنىپ قالسا ئەسلا هال تارتمايدۇ،
كۆندە بىر رېستورانغا ئات چاپمايدۇ.
كەلكۈنگە كەتكەندىمۇ تەرگەنلىرى،
ئارتۇقچە پەرياد ئۇرۇپ «ئۇھ» تارتمايدۇ.

ئاۋاتتۇر دېهقان بىلەن ئەل هاياتى،
شەهەرمۇ ئەسلى دېهقان كەشپىياتى.
سەهرانى بۇندا يامان كۆرگەنلەرنىڭ
كىم ئىدى دېهقان بولماي ئەسلى زاتى؟

بولغاندەك ئىززەت-ئىكرام مېهمانغا تەڭ،
نورۇزمۇ شۇڭا ئاۋۋال دېهقانغا تەڭ.
توي-بايرام چۇڭنكى، هامان ئىشچىلارنىڭ،
قارغىشلار قەدىمدىنلا مىشچانغا تەڭ.

ئاپەت يوق ئۇ كۆنمىگەن، قاباهەت يوق،
يەر تېرىپ ئۇ يەڭمىگەن مۇشەققەت يوق.
هېچكىمدە مەشۇقىغا ئاشىقلاردىن،
ئۇ بەرگەن مۇهەببەتتەك مۇهەببەت يوق.

مېنىڭمۇ بايرىمىمدۇر نورۇز دېگەن،
مەنمۇ ھەم، چۈنكى، دېھقان شائىرى مەن.
ئۇياتقۇ كۈندە لەگمەن يەپ تۇرۇپمۇ،
بوپقالسام قورۇق گەپنىڭ «ماھىرى» مەن!؟

2004-يىل 5-مارت، ئۈرۈمچى



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئۇيغۇر ناخشىسى

ئۇيغۇرنىڭ ناخشىسى ــ ئۇيغۇرنىڭ ئۆزى،
ئۇيغۇرنىڭ ناخشىسى ــ ئۇيغۇرنىڭ سۆزى.
ئۇلۇغلۇق تەختىگە چىقاردى ئۇنى،
ئۇن ئىككى مۇقامنى ئاڭلاپ يەر يۈزى.

گۈل بولماي ماختارغا گۈلزارلىق نەدە،
تەھقىقكى، ناخشا بار ئۇيغۇر بار يەردە.
بىز تېخى كۆرمىدۇق ناخشىسىز ياشاپ،
ناخشىسىز نە ھۇزۇر گۆھەردە، زەردە؟

يەر بىلەن ئاسماننىڭ ئارىسى ئۇنىڭ،
ئەزەلدىن ناخشىچى، بالىسى ئۇنىڭ.
كېلىدۇ تارىخنى تارىخقا ئۇلاپ،
ناخشىدا تەل بولۇپ چالىسى ئۇنىڭ.

ئۇيغۇرنىڭ ناخشىسى ــ ئۇيغۇرنىڭ جېنى،
ئۇيغۇرنىڭ ناخشىسى ــ ئۇيغۇرنىڭ قېنى.
ئۆزگىچە بىر خىسلەت ئۇيغۇر روھىدا،
ناخشىسىز يايرىماس ئۇيغۇرنىڭ تېنى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىشقەدەم ئادرىسى

بىرىدىن بىرى ئۈز، بىرى يېقىملىق،
بىرىنىڭ ھىدى بار باھاردەك ئىللىق.
ئۇيغۇرنىڭ بىر تىلى ناخشىدۇر ئەسلى،
ھېكمەتلەر سۆزلىنەر ئۇندا مىڭ يىللىق.

كارۋانغا يولداش ئۇ، دېھقانغا ھەمدەم،
ئېتىزلار ئۈستىدە پەرۋازى ھەر دەم.
ناخشىسىز تويلارنى بولامدۇ توي دەپ،
ناخشىلار شەربەتتۇر، ناخشىلار زەمزەم.

ناخشىدۇر ئانىلار ئېيتقان ئەللەيمۇ،
ناخشىدۇر تۈنلەردە چېلىنغان نەيمۇ.
كەلسەكمۇ ئاش تېرىپ گاھىدا ئاچ-توق،
ناخشىدا كەيتىكەن بىزگە تەلەيمۇ.



بازغانىسىز ئەيۋەشكە كەلگەيمۇ تۆمۈر،
ناخشىسىز ئۆتكەيمۇ ئۇيغۇردا ئۆمۈر؟!
خاڭلارنىڭ تېگىدە مىتىنلارغا جور،
ئۇيغۇرنىڭ ناخشىسى قازىدۇ كۆمۈر.

ئاھ، قانداق چىرايلىق ئورما ناخشىسى،
جور ئاگا شىرتىلداپ ئورغاقلار بىسى.

ناخشىدا يۇمشايدۇ جىمى خامانلار،
ناخشىدا قاينايدۇ ئۇيغۇرنىڭ ئېشى.

ئۇيغۇردا ناخشىسىز سورۇنلار بولماس،
ناخشىسىز سورۇنغا خۇشاللىق قونماس.
تونۇلسا تونۇلار ناخشا ئېيتقانلار،
ۋە لېكىن دۇنياغا بىزدەك تونۇلماس.

بولسىمۇ مەشرەپنىڭ ھۆرمىتى ئالىي،
بولمايدۇ مەشرەپلەر ناخشىدىن خالىي.
ئۇسسۇلدا كۆرۈنسە ھۆسنى-كامالەت،
ناخشىلار ئۇيغۇرنىڭ ئىچكى جامالى.

ناخشىلار جۇملىسى «ئايھاي يۆلەن»مۇ،
يۆلەنلەر بار يەردە بولمايدۇ غەممۇ.
ئېيتقىنىم «ھارۋىكەش ناخشىسى» دەسلەپ،
ناخشىلار قوينىدا چوڭ بولغان مەنمۇ.

2004-يىل 27-مارت، غۇلجا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# سىلەر ئۈچۈن شائىر بولغانمەن

(«9-ماي» دۇنيا ئانىلار بايرىمى مۇناسىۋىتى بىلەن)

بۇ دۇنياغا تەگرىم چاچقان ئاددىي بىر دانىمەن،
ئەتىمالىم، ئەلمىساقتىن شۇڭا دېھقانىمەن.
قەلەملىرىم ئۆمۈر بويى ئانىلارغا قۇل،
دېمەك، ئاۋۋال سىلەر ئۈچۈن شائىر بولغانىمەن.

خىياللىرىم كېزىپ يۈرەر مەھەللەگىلەرنى،
بىلمەيسىلەر، ئۆيۈڭلەردە كۆندە مېھمانىمەن.
يوشۇرمايمەن يۈرىكىمنى، بىلگۈڭلار كەلسە،
شوئارىم شۇ: تەشناغا سۇ، ئاچلارغا نانىمەن.

پەزىلەتتە ئانىلارنى كامالەت، دەيمەن،
لېكىن، ئۆزۈم دىيانەتتە جىمىدىن خاممەن.
ئارمانىم بار، دەرمانىم يوق، شۇڭا سىلەرنى —
تەسۋىرلەشتە، كەچۈرۈڭلار، تالايدىن كەممەن.

تونۇرلاردا پىشقۇم كېلۇر سىلەر نان ياققان،
قايدا بولسام سىلەر بىلەن بىر تەن، بىر جانمەن.
چىنپۈتمەيمەن نۇر بار، دېسە يازغانلىرىمدا،
لېكىن ئۆزۈم سىلەر ئۈچۈن يېقىلغان شاممەن.

سىلەر سوزغان لەگمەنلەرگە تەسۋىر تاپالماي،
ياشلىقىمدا قانچە قېتىم داغدا قالغانمەن.
سىرلىرى شۇ ئەل ماختىغان شائىرلىقىمنىڭ،
مەن ئىلھامنى سىلەر ياققان ناندىن ئالغانمەن.

ئۆۋىسىدىن ئۇچقان قىزلار «ئانا» بولماقچى،
شۇڭا، قىزىم شەرپىگە بەزمە قۇرغانمەن.
تاللا، دېسە بۇ دۇنيالىق تۆھپىكارلارنى،
ئەڭ ئاۋۋىلى ئانىلارغا چاۋاك ئۇرغانمەن.

ئانىلارسىز ئامىتىم يوق، قامىتىممۇ يوق،
سىلەر بىلەن خەمەك تاشلاپ، پېلەك يايغانمەن.
قىلىپ قويۇپ ئەزىز ئانام «قىلما!» دېگەننى،
يوشۇرمايمەن كۆندە تېنەپ، كۆندە قايغانمەن.

بىر تال چېچى كۆيۈپ كەتسە قىزىق تونۇردا،
مەنمۇ شۇئان چىدالماستىن كۆيۈپ يانغانمەن.
چاڭقىغاندا ئانام تۇتقان چۆمۈچنى كۆرسەم،
قانچە قېتىم سۇ ئىچمەيمۇ سۇغا قانغانمەن.

قەيسەرلىكنىڭ سىلەر بەرگەن قىلىچى بىلەن،
تالاي جاپا-مۇشەققەتنى يولغا سالغانمەن.

قانداق روناق تاپتىڭ؟ دېگەن سوئال نە ھاجەت،
چۈنكى، سىلەر ماڭغىن، دېگەن يولدا ماڭغانمەن.

ئانىلارنىڭ دۈشمىنى يوق شەيتاندىن ئۆزگە،
زۆرۈر بولسا بېغىڭلارغا قاشامەن، تاممەن.
تەبرىكلەيمەن ئەلدىن ئاۋۋال بايرىمىڭلارنى،
چۈنكى، ئەسلىي سىلەر ئۈچۈن شائىر بولغانمەن!

2004-يىل 8-ماي، غۇلجا





www.uyghurkitap.com

# يەتمەيتىمەن ئەجەب قەدرىڭگە

تويۇڭ بويىتۇ ئاخىرى سىنىڭ،
دەپتەر يىپىپ «قىرى قىز»لىقىڭ.
كىمنىڭ رەھمى كەلگەندۇر ساڭا،
ئەسقاتتىمۇ ياكى ئۇزلىقىڭ؟

مەن بىلىمەن، تەقدىر تالاي يىل
ياشلىقىڭنى قىلغان سازايى.
سەن كۈتمىگەن كىمنىڭدۇر، توۋا،
بويىتۇ بۈگۈن يېنىڭدا جايى.

ۋاي ئىسست! دەپ قالدىم تىپىچەكلەپ،
شۇ خەۋەرنى ئەلدىن ئۇققاندا.
يىغلىۋەتتىم سىنىڭ تۈيەيلىڭ،
ئىچكەن شاراب شۇئان تۇتقاندا.

ئەرگە تەگسەڭ سەن تەگدىڭ، بۇ راست،
مەن نېمىشقا يىغلاپ يۈرىمەن؟
سەن بىراۋنىڭ قوينىدا ياتساڭ،
مەن نېمىشقا خىيال سۈرىمەن؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

ئادەم دېگەن ئاجايىپ مەخلۇق،
«مېنىڭ بولسۇن» دەيدۇ جىمنى.
دېمەيدىكەن: بۇ كەڭرى جاھان،
ھەممىمىزنىڭ ئورتاق زېمىنى.

بىلسەڭ مەنمۇ بىرى شۇلارنىڭ،
ئەلدىن قورۇپ يۈرگەن سىنىمۇ.
قالغانلار جىق ئاغزىنى تامشىپ،
داغدا قويدۇڭ ھەتتا مېنىمۇ.

سولاشىسىمۇ قىزىل گۈل دېگەن،
ئەسلا شېرىن پۇرىقى كەتمەس.
ئۆزگىلەردىن كەچسىمۇ كۆڭلۈم،
شۇڭا، دىلبەر، سېنىڭدىن كەچمەس.



يەتمەيتىمەن ئەجەب قەدرىڭگە،
ئەمدى يەتتىم قەدىرلەنگەندە،
قال! دەپ ساڭا ئېسىلغۇم كەلدى.
يامان خۇيۇم قەبرىلەنگەندە.

2004-يىل 12-ئىيۇل، غۇلجا

# بالدۇر كەتكەن بىر ئۇلۇغ سەن

(تالانتلىق شائىر مەرھۇم روزى سايىت قەبرىسىنى زىيارەت قىلغاندا ئوقۇلغان)

قاتمۇ قات تاغلار ھالقىپ، دەريا ئاتلاپ،
قەبرەڭنى يوقلىغىلى كەلدىم، شائىر.
قوبۇل قىل، تۇمەن دېھقان يۈرىكىدىن
روھىڭغا ئاۋۋال سالام بەردىم، شائىر!

ياش كەتكەن، بالدۇر كەتكەن بىر ئۇلۇغ سەن،
بىز كەبى دوستلىرىڭنى داغدا قويۇپ.
كەتكىنىڭ دەرد ئۈستىگە دەرد ئەمەسمۇ،
بولغايمۇ كۆز ياش بىلەن دەردنى يۇيۇپ؟!

يۈرىكىم تىنچ تاپسا ئەجەب ئەمەس،
بېشىڭدا تۆت دەقىقە تۇرۇپ قايتسام.
قالارمەن بولۇپ مەنمۇ سەندەك شائىر
سەن سۆيگەن يۇرتنى سەندەك سۆيۈپ قايتسام.

ھازاڭدا بولالمىغاچ ھەسرەتتىمەن،
ئالدىڭدا كۆپتۇر سەۋەن، گۇناھلىرىم. 170

www.uyghurkitap.com

قەبرەڭدە سۆزلىرىمنى ئۇلغايتقۇم يوق،
دەلىلىدۇر شۇ ھەسرەتكە دۇئالىرىم.

قەلەمدە ئۇلۇغلارنىڭ ئۇلۇغى سەن،
مەن سېنى يەنە تېخى ئۇلۇغلايمەن.
سەن يېزىپ بولالمىغان تالاي قۇرنى
مەن يېزىپ، داستانىڭنى تولۇقلايمەن.

2004-يىل 5-ئاۋغۇست، خوتەن

## كەچۈرۈڭ، ئۆلارمۇ ئانا بولىدۇ

قىز دېگەن ئۆتمەيدۇ مەڭگۈ قىيغىتىپ،
كەچۈرۈڭ، ئۆلارمۇ ئانا بولىدۇ.
يۈرمەيدۇ كۆرۈنگەن شاخنى ئېغىتىپ،
كەچۈرۈڭ، ئۆلارمۇ ئانا بولىدۇ.

بارچىدىن ئۆلارغا مۇھەببەت ئەزىز،
يوللىرى شۈڭلاشقا گاھ پەس، گاھ ئېگىز.
شۇلارنى ئازدۇرغان ئەسلىي سىز ۋە بىز،
كەچۈرۈڭ، ئۆلارمۇ ئانا بولىدۇ.

بىرلىرى ئالدىنىپ كېپىنەكلەرگە،
تەگسىمۇ تەگكەندۇ بىمەھەل ئەرگە.
كۆز تولا سەۋەبى گۆھەرگە، زەرگە،
كەچۈرۈڭ، ئۆلارمۇ ئانا بولىدۇ.

يوق ئەمەس پەدەزگە بېرىلگەنلىرى،
يوق ئەمەس ياشلىق، دەپ كېرىلگەنلىرى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

ۋە لېكىن، ئازغۇنلار تۈمەندىن بىرى،
كەچۈرۈڭ، ئۇلارمۇ ئانا بولىدۇ.

بىرلىرى بوپقاپتۇ شارابخانىدا،
تۈنەپمۇ قاپتۇ ھەم ئايسىز دالىدا.
يول تېپىپ ھاياتنىڭ ئىمتىھانىدا،
كەچۈرۈڭ، ئۇلارمۇ ئانا بولىدۇ.


ئايدىمۇ داغ بارغۇ، ئۇلارمۇ ئايغۇ؟
ئۇلار ھەم تۈنۈگۈن توغۇلغان تايغۇ؟
قىيغاتسا ئۇلاردىن يەپ يۈرمەڭ قايغۇ،
كەچۈرۈڭ، ئۇلارمۇ ئانا بولىدۇ.

بولغاندا قىز بالا بەلكىم رەسىدە،
كۆرۈنەر بىرلىرى بەزىدە زىدە.
تىل تەگسە بەزىدە ئۆچەر ئەقىدە،
كەچۈرۈڭ، ئۇلارمۇ ئانا بولىدۇ.

بويىدا بار تېخى بالىلىق چۈنكى،
بولمامدۇ بالىدا چالىلىق، چۈنكى؟
قىسقىراپ كېلىدۇ ئارىلىق، چۈنكى،
كەچۈرۈڭ، ئۇلارمۇ ئانا بولىدۇ.

ئازماسقا يارالغان ئەمەستۇر ئىنسان،
ئىنساننىڭ كەينىدە بىللىدۇر شەيتان.
ئازابلار ئۇلارنى ئاخىر پۇشايمان،
كەچۈرۈڭ، ئۇلارمۇ ئانا بولىدۇ.

2004-يىل 12-سېنتەبىر، غۇلجا



## ـ يېڭى يىللىق سۆيگۈلەر ـ

### ئۆتكۈسى يوق دۇنيادىن كىمنىڭ
### ياشاپ لوقماندەك

يىغلايدىغان بوپقالدى يىل ئۆرۈلسە بۇ يۈرەك،
بارسا كەلمەس بىر يولنىڭ ئۇلغايغاچقا تەشۋىشى.
بولۇپ قالدىم خىيالچان مەجنۇنتالنىڭ شىخىدەك،
شۇ تەشۋىشتە چايقالدى پېقىرنىڭ ھەم ئەس-ھوشى.

بىرى مىنىپ قارا ئات، بىرى مىنىپ ئاق بوز ئات،
بىر تەمسىلدە باقىغا كېتەرمىزكەن ئەزەلدىن.
تارتىشقىنىم ئاق بوز ئات يارىشقى ياخشىنىڭ،
قارا ئاتتىن قورقىمەن، قورقماي دېسەم ئەجەلدىن.

«قېرىسامۇ ياشمەن!» دەپ ناخشا ئېيتقۇم يوق مېنىڭ،
يالغانلارنى ئۆگەتكەن زامانلاردىن تويغانمەن.
چۆگۈنىڭدە نە بولسا، شۇ چىققىنى ياخشىغۇ،
يالغانلاردىن قولۇمنى جەينەككىچە يۇيغانمەن.

قىيامەتتىن ساق قايتىپ كەلگىنىمگە غەنىيمەت.
تۆكۈلمىدى تەلتۆكۈس تېخى تارتقان دەردلىرىم.
ئۇغۇ مەيلى، يېڭى يىل سالام بېرىپ تۇرغاندا،
دەردىم ئەمەس، بار مېنىڭ يەنە باشقا گەپلىرىم.

قىلىنمىغان تالاي ئىش چالا قاپتۇ قولۇمدا،
يارالماپتۇ ئىنسانىنىڭ قولى ئەجەب ئون بولۇپ!؟
قول تەگمىگەن تالاي ئىش ئۆرە تۇرار ئۆچرەتتە،
ئويلىغاندا شۇلارنى ئاقماقتىمەن خۇن بولۇپ.

خۇدا بەرگەن بۇ ئۆمۈر يېتىشمىدى شۇلارغا،
ناباب شاخقا ئوخشايمەن تۈزۈك مېۋە بەرمىگەن.
ناباب بولغاچ، ئېھتىمال، ئالالمىدىم بىر خامان،
كاشكى دېھقان بولمىسام يەرگە بۇغداي تەرمىگەن؟!

176

ھېساب-چوتى يوق دەمسەن بۇ دۇنيانىڭ كېتەردە،
يا تېرەلمەي، بېرەلمەي كېتىدىغان ئوخشايمەن.
ماڭا سۇنغان ئالقانلار قۇرۇق قالدى، كەچۈرگەي،
سورىقى بار يىللارنىڭ، شۇنىڭ ئۈچۈن قاقشايمەن.

كۆرەر ئىكەن شىخىڭنى ئۆتكەن يىللار ئېرغىتىپ،
كېتەر ئىكەن: قاقىدەك قالماپتۇ!، دەپ، ئۆرۈكى.

ئالمايەن يىللاردىن سوراپ كۆچەت پەسلىنى،
تەبىئەتكە يوق ھەمدە مۇنداق گەپنىڭ كېرىكى.

ئۆتكۈسى يوق دۇنيادىن كىمنىڭ ياشاپ لوقماندەك،
قالمىغان، دەپ كىم ئېيتقان لوقماندىن ھەم ئارماننى؟
بۇ ھاياتتىن كىم تويغان، بىر ئۆمۈرگە كىم قانغان،
قەسەم قىلىپ باققىنا تۇتۇپ تۇرۇپ بىر ناننى؟

قېرى توخۇ كېتەردە بىر جۈپ تۇخۇم تۇغارمىش،
ئىككى چۈجە چىقارمىش بىر-بىرىگە ئوخشىماس.
بىرى راستچىل، ۋە لېكىن يەنە بىرى يالغانچى،
راست بار يەردە ھەتتاكى باغلىساڭمۇ توختىماس.

ئاشۇ دەيۈز سۆزلەيمىش دوستلىرىغا يالغاننى،
ــ مۇنداق ياشاپ ئۆتتۈم مەن، ئارمىنىم يوق كەتتىم! دەپ.
يالغان ئېيتار، تۇرسىمۇ پوق يېگىنى يادىدا،
ھەتتا ئاچ-توق قالسىمۇ، مۇرادىمغا يەتتىم! دەپ.

راستچىل چۈجە بولغۇم بار ھاياتلىقتا مېنىڭمۇ،
بولۇپ قالاي كېتەردە يالغانچىنىڭ دۈشمىنى.
يالغانچىلىق، كاززاپلىق يامان سۈپەت ئۆسمىدۇر،
ياراتسىكەن ئىنساننى، يولاتمىسا ئۆسمىنى؟!



ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

يىغلايدىغان بوپقالدى يىللار ئۆتسە بۇ يۈرەك،
ئالغىنىمنى دۇنيادىن، چۈنكى، تېخى بەرمىدىم.
تۆت تال قوشاق يازغىنىم تۆھپە بولغاي قانداقچە،
تېخى خەلقىم يېسۇن، دەپ تۆت تۈپ قوغۇن تەرمىدىم.

بۇ دۇنياغا كەلگىنىم بىكار بولۇپ كەتمەمدۇ،
يۈيۈلمىسا سەۋەنلەر، بولمىسىمۇ كېرىكىم؟
ياخشىلارغا تەن بولسام *، بېشىم كۆككە يەتمەمدۇ،
ياخشىلارنىڭ قوۋمىدىن بولۇپ تۇرسا دېرىكىم؟

تاقاپ قويسام يىللارغا ئۆزۈم تەرگەن گۈللەردىن،
چىنپۈتمىسە كۆرگەنلەر، يىللار: شاھىد بىز! دېسە؛
ياخشى ياشاپ كۆز يۇمسام، خوپ ئەمەسمۇ سىغىنىپ،
ياخشىلارنىڭ قوۋمىدىن مېنى ھەركىم ئىزدىسە؟

يىغلايدىغان بوپقالدى يىل ئۆرۈلسە بۇ يۈرەك، 178
چالا قالدى تالاي ئىش، چالا قالدى ناخشىلار.
ياخشى بولغۇم بار مېنىڭ سۆيگۈسىدە يىللارنىڭ،
چۈنكى، ئۆلۈپ كەتسىمۇ ئۇنتۇلماسكەن ياخشىلار.

---

* تەن بولسام — تەڭ بولسام مەنىسىدە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# يىللار بىزدىن يەنە سۆيگۈ كۈتمەكچى

يارىم، ساڭا مۇبارەك، يەنە بىر يىل ھالقىدىڭ،
تىڭشاپ باققىن كۆكسۈمنى، چاۋاك چالدى يۈرىكىم.
يۈگۈرۈپ باغقا چىقماققا تەمشەلگىنىم راست مېنىڭ،
يەنە چېچەك ئاچقاندەك باغقا تىككەن ئۆرىكىم.

ھىدلاپ قويدۇم چېچىڭنى شۇ چىرايلىق سەھەردە،
ئويغانغىنىڭ مەن بىلەن شۇ تاڭدىمۇ غەنىمەت.
يېڭى يىلنىڭ دىدارى نېسىپ بوپتۇ بىزگىمۇ،
ــ ئاتمىش يىلىڭ مۇبارەك! دەيدۇ سېنى تەبىئەت.

دېرىزىگە ياماشقان يېڭى يىلنىڭ قۇياشى،
مېنى ئەمەس، ھۇجرىدىن ئاۋۋال سېنى ئىزدەيدۇ.
چاچقان نۇرى گۈلدەستە، كىمدۇر دېسە ئىگىسى؟
ــ قىرىق يىلدىن ئاۋۋالقى يېنىڭدىكى قىز! دەيدۇ.

يىللار ساڭا ئاشىقتەك ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەيدۇ،
ــ تارىخىدا بىچارە نۇرغۇن جاپا تارتقان، دەپ.
ــ ھىجران ئۇرغان تاياقتىن سېرىپ تۇرغاچ ۋىسالنى،
غار بولسىمۇ قاراڭغۇ، ئۆزى يالغۇز ياتقان! دەپ.

179

نېمە قىلاي بېسىققان كونا كۆلنى توزۇتۇپ،
يېڭى سالغان ئۇچاقتا يېڭى ئوتلار كۆيىدىغۇ!
ئەزۋەيلىسەك، سۆزلىسەك يۇيۇلامدۇ كونا كىر،
بىز كۆتكەندەك ھەممىنى يىللار ئۆزى يۇيىدىغۇ!

يېڭىلاندى ئادەملەر، يېڭىلاندى ياشاشمۇ،
بىزارلىقنى ھاياتتىن ئايلاندۇردۇق سۆيۈشكە.
سۆرتۈپ سۆيگۈم كېلىدۇ مەرۋايىتتەك ھەر كۈننى،
سائەت-زەرگە، مىنۇتلار ئايلانماقتا كۈمۈشكە.

شاخلىرىدۇر ھەر يىلنىڭ كۈمۈش رەڭلىك دېكابىر،
كەلمەي تۇرۇپ ئېسىلغۇم كېلۇر مېۋە ئۈزەي، دەپ.
نېسىپ بولدى يېڭى يىل مانا، يارىم، ساڭىمۇ،
قەلەم ئالدىم مەن ساڭا يېڭى قوشاق تۈزەي، دەپ.

يىللار بىزدىن، بىلدىڭمۇ، يەنە سۆيگۈ كۈتمەكچى، 180
چۈنكى، بىزدەك سۆيگەنلەر بۇ ھاياتنى ئاز تېپى.
بىرىمىز باغ، بىرىمىز گۈل پۈرايمىز ھېلىمۇ،
كۆز كەلسىمۇ ئۆمۈرگە، يۈرىكىمىز ياز تېپى.

ساقلاپ يۈرگەن ئىدىڭغۇ گۈل ئۇرۇقى خالتاڭدا،
باھار كەلسە بۇ يىلمۇ يەنە گۈللەر تېرىيمىز.

ياشلىقتىلا ئەمەستۇر پەقەت ئۇزلۇق-گۈزەللىك،
سۆيۈپ يۈرۈپ هاياتنى بىزمۇ گۈزەل قېرىيمىز.

*

## سەن تاشلىغان قارلىقتا

سەن تاشلىغان قارلىقتا ماڭا باهار كەلگەنتى،
ياشلىقتىكى شۇ ئىشلار ئۇنتۇلمىدى هېلىمۇ.
يۈرىكىمدە ساقلاقلىق گويا ئۇلۇغ بىر ئالبۇم،
يايراپ كەلدى قىرىق يىل ئىككىمىزنىڭ جېنىمۇ.

ماڭا تەقدىم قىلغاچقا شۇ تەلەينى شۇ قارلىق،
شۇندىن بۇيان سۆيۈملۈك بولۇپ كەلدى تۇنجى قار.
تەقدىر دېگەن شۇمىدۇ، تووۋا، تاغلار باش ئەگكەن،
خۇدا بەرگەچ ئۆمۈرلۈك بولۇپ قالدىڭ ماڭا يار.

181

قاچقىنىڭدا شۇ ئاخشام قارلىق تاشلاپ ئىشكتىن،
سەن تالاغا چىققىچە تۇتۇۋالدىم ياتاقتا.
كېيىن بىلسەم كۆڭلۈڭگەن تاشلىغىنىڭ ئەسلىدە،
قارلىق دېگەن ئانچىكى بىر ئىش ئىكەن ئاتاقتا.

قالغان ئىشنى شۇ ئاخشام قىلدى لەۋلەر، قۇچاقلار،
تارتىنىشلار ئۆزىنى ئېلىپ بولدى دالدىغا.

دېرىزىدىن تۇنجى قار كۆرۈپ تۇردى جىمنى،
قايسى راھەت ئۆتكەن بار شۇ دەملەرنىڭ ئالدىغا؟

تەڭرى چەكسىز ساداقەت قوشۇپ بەرگەچ كۆڭلۈڭگە،
ئايرىيالمىدى ئازغۇنلار بىزنى نوقۇپ باقسىمۇ.
تۇنجى قاردا ھەر يىلى چىڭىپ تۇردۇق باشقىدىن،
قانچىلىغان بورانلار ئەپسۇن ئوقۇپ باقسىمۇ.

ئايەتكىمۇ بىر سەۋەب، بەختكىمۇ بىر سەۋەب،
جىق ئىشلارنى تۈيدۈرماي كېلىشاتقان دۇنيا بۇ.
زەھەر بەرسە بىر قولى، شېكەر بېرىپ بىر قولى،
مەندەكلەردىن رەھمەتمۇ ئېلىشاتقان دۇنيا بۇ.

تۇنجى قارنى شۇڭلاشقا كەلمەكتىمەن قەدىرلەپ،
ئانام مېنى گوياكى تۇنجى قاردا تۇغقاندەك.
گەپ ئاچالماي يۈرگەندە ئۆزۈم ساڭا كېكەچلەپ،
بوپقالغانمەن ناكار قۇش تۇيۇقسىزدىن ئۇچقاندەك.

تۇنجى قاردا تېپىشقان بىز ئەمەسمۇ جۇپ تىلەك،
قاباھەتلىك يىللاردا تىل تەگمىدى ھېلىمۇ.
تۇنجى قاردا، تەھقىقكى، تېپىشتۇرغان تەڭرىمدۇر،
ساقلاپ كەلدى سېنىمۇ، ئاسراپ كەلدى مېنىمۇ.

بۈگۈن مانا يېغى قار، يېغىلاندى مۇھەببەت،
خاتا ئېيتتىم، ياق گۈلۈم، كەتمىدى ئۇ كونىراپ.
شۇ چاغدىكى ھارارەت بويلىرىڭدا تۇرمامدۇ،
خۇددى تەگرىم بەرگەندەك تۇنجى قاردا گۈل ئوراپ.

تەبىئەتكە شۇ يىلى قۇياش قىشنى بەرگەندە،
قوشۇپ بەرگەن سەن ئۈچۈن تۇنجى قارغا مىنىمۇ.
يېرىم ئەسىر بىر جۈپ چوغ كۆيۈپ كەلدۇق يېلىنجاپ،
چۈنكى، چوغقا ئايلانغان ئىككىمىزنىڭ تېنىمۇ.

ئاق ئورمانلار، ئاق تاغلار بۈگۈن بىزگە قارايدۇ،
قارلىق تاغقۇ، ئەزىزىم، ئىككىمىزنىڭ بېشىمۇ.
ئاشمىسىمۇ تەگلەشتى شۇ تاغلارغا، ئورمانغا،
ساداقەتلىك سۆيگۈدە ئىككىمىزنىڭ يېشىمۇ.


بۈگۈن، يارىم، تۇنجى قار ئىككىمىزگە ئەزىز كۈن،
ئاچچىق بىر چاي دەملىگىن، ناۋات سېلىپ ئىچەيلى.
ئۆتكەنلەرنى سۆزلەيلى، ئۇخلاۋەرسۇن نەۋرىلەر،
مەيلى تاتلىق ئۇيقۇدىن بىرەر ئاخشام كېچەيلى.

2004-يىل 15-نويابىر، غۇلجا

## سەن كەتسەڭ ئەگەر

ئۆلۈمنى تالاشما مەندىن، ئەزىزىم،
سەن قالغىن، مەن كېتەي سىنىڭ ئالدىڭدا.
سەن كەتسەڭ بۇ ئۆيدىن قۇياش كەتمەمدۇ،
باللار قالامدۇ غۇۋا ئايدىڭدا؟!

ئالەمگە ئايدىڭنىڭ نۇرى قانچىلىك،
نە قىلسۇن مەندە نۇر، مەندە هارارەت؟
ئۆيىمىز زۇلمەتتقۇ سەن كەتسەڭ ئەگەر،
سەن بىلەن كەتمەمدۇ بەرىكەت-هالاۋەت؟

يوق مېنىڭ بىمەھەل سەندىن ئايرىلىپ،
جۇدالىق دەردىنى تارتقىدەك هالىم.
بولسامۇ هەرقانچە قەدىردان ئاتا،
ئانىدەك بولماققا يوقتۇر ئامالىم.

ئۆلۈمنى تالاشما مەندىن، ئەزىزىم،
باللار مەن ئەمەس، سەن بىلەن قالسۇن.
سەن كېتىپ، مەن قالسام تۆگەشكىنىم شۇ،
ئۇ كۈندىن يۈرىكىم قانداقچە تانسۇن؟!

بىلمەيسەن، يېتىم بار يېتىملاردىمۇ،
ئانىسىز قالغانلار ھەقىقىي يېتىم.
ئاتىلار بىر سۆيسە پەرزەنتىنى كۆندە،
ئانىلار يۈرىكى سۆيەر مىڭ قېتىم.

ئايىغى تارتىلىپ نەۋرىلەرنىڭمۇ،
سەن كەتسەڭ ئۇچامدۇ ئۆينىڭ پەركايى؟
سەن بولغاچ مەن تېخى كۆرمىگەن دەردلەر
سەن كەتسەڭ قىلامدۇ مېنى سازايى؟

سەن كەتسەڭ تەكچىدە گۈللەر ئاينىماس،
غېرىبلىق ئىلكىدە قالامدۇ ھويلا؟
تەس ماڭا سېنىڭسىز سۈپراڭنى يايماق،
ئۇچراشماق، ئاي-ئايلاپ قازانغا چويلا.



سەن سالغان تونۇرنى سالالماس ھېچكىم،
ئوت سېلىش قولۇمدىن كەلسىچۇ كاشكى!
قىرىق يىل ئاتقان تاڭ سەن بىلەن بىللە،
ئويلىسام، تەسەللى بەرسىچۇ كاشكى!

ئىككىمىز بىر ئۆمۈر ئېيتقان ناخشىنىڭ،
مەن كېتەي، ئاخىرى سەن بىلەن چۈشسۇن.

يوقۇمنى چاندۇرما، كەلگەن-كەتكەنلەر
مەن باردەك قولۇڭدىن ئىسسىق چاي ئىچسۇن.

2004-يىل 8-دېكابىر، غۇلجا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىنچى ئادرېسى

# ئۇيغۇر چاقچاقلىرى

بۇ دۇنيا ھېكمەتلەرگە تولغان دۇنيا،
جىمىدىن ئۇچۇر ئېلىپ تۇرغان دۇنيا.
كىمگە كىم شادلىق ئاتا قىلالىسا،
شۇنىڭغا گۈلدەستىلەر سۇنغان دۇنيا.

ئۇيغۇرنىڭ بېغىدا گۈل، باغرىدا گۈل،
سەيلىگاھ گويا بىر باغ ھەربىر كۆڭۈل.
سازى بار، ناخشىسى بار، شۇنداقتىمۇ،
چاقچاقسىز ئاچقان ئەمەس ھەرگىز كۆڭۈل.

ئۇچراشساڭ بەجا كېلۇر ئاۋۋال سالام،
قالغان گەپ چاقچاق بىلەن قىلار داۋام.
قارىساڭ، بۇ دۇنيانىڭ غەملىرىنى،
كەينىگە تاشلىۋەتكەن پۈتكۈل ئاۋام.

بىرىدىن بىرى گەپدان، بىرى غالىب،
بىلمەيسەن، قايسى ئۇستاز، قايسى تالىپ؟
ئۈچىيىڭ ئۈزۈلگىچە بىر كۈلسەن،
بېشىڭدىن جىمى قايغۇڭ بولار غايىب.

ئاز ئەمەس ھېسام كەبى چولپانلىرى،
چولپانلار سورۇنلارنىڭ سۇلتانلىرى.
تاڭ ئېتىپ، كۈن پاتقىچە پارتلاپ تۇرار،
ئاغزىدىن قىزىق گەپنىڭ ۋولقانلىرى.

ئوخشىتار ياخشىلارنى گۆھەر، زەرگە،
يامانلار ئولتۇرىدۇ چۆمۈپ تەرگە.
ئاچقىنى قىزىق گەپنىڭ قامۇسلىرى،
قۇرۇق گەپ ئوت ياقالماس كۆلكىلەرگە.

چاقچاقنىڭ ھۇزۇرى بار سازدىنمۇ ئۈز،
يېشىل تون كىيىپ كەلگەن يازدىنمۇ ئۈز.
ئاڭلىسا سەگىپ كېتەر بىمارلارمۇ،
گاھ چاقچاق قىزىقىدىن ئېرىيدۇ مۇز.

چاقچاقتىن خالىي ئەمەس ئۇيغۇر بار يەر، 188
كۆلكىسىز تۇرغان ماكان ئۆزى خار يەر.
قانچە كەڭ بولغان بىلەن سەينا، ساراي،
چاقچاقسىز يەرنىڭ ئۆزى ئەسلي تار يەر.

چاقچاقتىن رەنجىگەنلەر ئۇيغۇردا يوق،
چاقچاقتىن مەڭدىگەنلەر ئۇيغۇردا يوق.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگى ئادرېسى

ئۇشتۇمتۇت تېگىپ كەتسە يېغىرىغا،
تىغ-پىچاق تەگلىگەنلەر ئۇيغۇردا يوق.

ئۇيغۇرنىڭ روھى شۇنداق بىر روھ چۈنكى،
خۇشاللىق ئەلمىساقتىن كۆڭۈل مۈلكى.
ئەتىكى چاقچاقلارغا توسقۇن بولماس،
ئۇزاتقان مىيىتلارمۇ تۈنۈگۈنكى.

ئۇيغۇرنىڭ چاقچىقىدا بىر سېھىر بار،
ھاياتقا ئەڭ ئاۋۋىلى بىر مېھىر بار.
قۇياشنىڭ پارچىسىغا ئوخشاپ كەتكەن،
ئۇيغۇردا ئەلمىساقتىن بىر چېھىر بار.

دۇنياغا ياشىغىلى كەلگەن ئۇلار،
ھاياتقا شۇڭا ئىخلاس بەرگەن ئۇلار.
قەلبىنىڭ پايانى يوق دالاسىغا،
گوياكى تامام چاقچاق تەرگەن ئۇلار.

«گەپكە گەپ كەلسە قايتما ئاتاڭدىن» دەپ،
قايتىكەن كىملەردىندۇر بىر سۆز ئەجەپ!
ۋە لېكىن، قانچە «چاپ-چاپ» چاقچاقتىمۇ،
بۇزۇلماي كەلمەكتىدۇر ئەخلاق-ئەدەپ.

ئاسانمۇ ھەر كىم بىزدەك كۈلۈپ ئۆتمەك،
ئاسانمۇ ئېگىز-پەسكە كۆنۈپ ئۆتمەك؟!
ئۇيغۇرنىڭ ھېكمىتىدۇر چاقچاق بىلەن،
بىرىگە بىرى ئامراق بولۇپ ئۆتمەك.

2005-يىل 12-يانۋار ، غۇلجا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

## سەن يازغان خەتتە

ئاتقان تاڭ سەن ئۈچۈن بولسۇن خىزمەتتە،
چىققان كۈن بېشىڭدا تۇرسۇن ھۆرمەتتە.
قەدىرلەن تۆرەلگەن كۈنىڭدىن تارتىپ،
سېنى دەپ يەتتە كۈن تۇرسۇن رەت-رەتتە.

بىر كۈنلۈك جۇدالىق بىر ئۆمۈر دەردتۇر،
ئايرىلماق ماڭا دەرد، سەن ئۈچۈن سەتتۇر.
چۈنكى، سەن مەن ئۈچۈن چەكسىز ئامەتتۇر،
ھۆرلەرنىڭ ھىدى بار سەن يازغان خەتتە.

ئۆزۈڭ بىر ئالەم سەن، ماڭلىيىڭ قۇياش،
كۆيدۈرسە شۇ قۇياش بولغايمۇ ئاياش؟
ئاناڭ كىم؟ ئېيتقىنا، سەن كىمگە قاياش؟
يار دېگەن تويۇلار شۇنداق، ئەلۋەتتە.

191

يازغىنىم بايانى ياخشى كۆرۈشنىڭ،
تەسۋىرى ئەمەس ئۇ ئالتۇن، كۈمۈشنىڭ.

ھاجىتى نە مۇنداق كۈندە كۆيۈشنىڭ،
كۆيگەنلەر قالمىسۇن ھەرگىز خىلۋەتتە.

دۇنيادىن خۇشال ئۆت، قايغۇنى بىلمە،
مەن بالدۇر كېتەيكى، سەن ئاۋۋال ئۆلمە.
كۈلسەڭمۇ مېنىڭدىن ئۆزگىگە كۈلمە،
مېنىڭسىز سورۇندىن يۈرگەيسەن چەتتە.

2005-يىل 10-فېۋرال، غۇلجا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# ياشىرىپ بارىدۇ ھەر كۈنى دۇنيا

ئۇلۇشكۈن ئەستىنىغۇ چىقمىدى تېخى،
ۋە لېكىن، ئىشقىدا كۆيمەيمىز ئۈنىڭ.
ئۇلۇشكۈن گوياكى قېرىغان موماي،
سۆيسەكمۇ لېۋىگە سۆيمەيمىز ئۈنىڭ.

كۆز سالماس بوپقالدۇق تۈنۈگۈنگىمۇ،
تۈنۈگۈن-تېرىلىپ بولغان يەر چۈنكى.
ئەتىگە تەلپۈنەر چاپچىپ بۇ يۈرەك،
ئۈنتۈيمىز ھەتتاكى تويىنى بۈگۈنكى.

قىز كەبى توينى قىلدۇق بۈگۈننىڭ،
كەچ كىرسە ئايلاندى قىزمۇ جۇۋانغا.
ئەتىنىڭ ئۆزى بىر ھۆر-پەرى يەنە،
ئەتە، دەپ ئەسىر بىز شېرىن خىيالغا.

تەس ئىكەن كۈنلەرنى سۈرەتكە تارتماق،
رەنجىمەڭ چىقمىسا تەبىرىم رەڭدار.

يارالغان ھەر كىمگە كۆڭلەر غەنىيمەت،
بىرى ئاي، بىرسىنىڭ لېۋىدە مەڭ بار.

بۈگۈندىن ئەتە ئۇز، ئەتىدىن ئۆگۈن،
شۇنداق بىر سۆيگۈدە بارىدۇ ھايات.
ياخشىنى ئىلغىماس بوپ قالغان كىم بار،
ياخشىدىن يار تۇتماق ئاددىي بىر ساۋات.

تەقدىرى ئىنسانىنىڭ ئىلكىدە بىراق،
تۇمەن خىل قىسمەتتە ئۇزايدۇ ئۇلار.
بىرى ياز، بىرى قىش پەسىللىرى بار،
مەنزىلنى مەنزىلگە ئۇلايدۇ ئۇلار.

راھەتتۇر تىرىك جان كۆزلىگەن مەنزىل،
ھالاك سەن رىزقىڭغا ئارىلاشسا ھارام.
كۆتەرمەس ئارتۇقچە گۇناھنى كۆڭلەر،
بەرمەيدۇ قەلبىڭگە بەربىر ئارام.

ئويلىما ئۆلۈشكۈن قىلغان زىنانى،
يوشۇرۇپ قالىدۇ مەڭگۈ شۇ كۈن، دەپ.
ناھەقتىن تۇنۇلگۈن تىللىدىڭ كىمنى،
قايسى بىر گۈزەلگە بولدۇڭ بىئەدەپ؟

194

ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

كۆنلەرنىڭ دەپتىرى ئىچقلىق دائىم،
يوشۇرماس ئالەمدىن يازغانلىرىنى.
دەۋرلەر ۋىجدانى قىلار ئاشكارا،
كىمنىڭدۇر قىستۇرغان يالغانلىرىنى.

ئىزنتقۇ قولىدا بۇلغانغان دۇنيا،
يۈيۈلۈپ بارىدۇ ۋىجدان سۈيىدە.
بىھېساب ئۆزلۈقنىڭ سائادىتى بار،
شۈكلاشقا كۈنلەرنىڭ چالغان كۈيىدە.

كۈنلەرنى تىللىغان نادانىنىڭ ئىشى،
ئادەملەر قوۋمىدىن ئىزدەڭ گۇناھنى.
مەن سۆزلەپ نە قىلاي، تۇرسا كۆرسىتىپ،
ئىنسانلار تارىخى ئىسپات-ئىزاھنى.

195

ياشىرىپ بارىدۇ ھەر كۈنى دۇنيا،
پەزىلەت مۇنبەردە، رەزىللىك پەستە.
تىكەندىن گۈللەر كۆپ، چاتقالدىن بوستان،
بۇ ھايات سۈرىتى! تۇتقايمىز ئەستە.

يوق ھېچكىم بىمەھەل كۈنلەردىن كەچكەن،
بۈگۈن ئۆز، ئەتە ئۆز، ئۆتگۈنمۇ ئاندىن،

كۆنلەرگە تۆككەن تەر كەتمەيدۇ زايە،
هاياتنىڭ ھۆزۈرى قالماس جانابدىن.

كۆنلەردىن ئاغرىندۇق تەقدىرگە قېيداپ،
بۇ ئەمما، بىزدىكى سەۋەنىنىڭ ئىشى.
يىللارنىڭ ئالدىدا ئەمەستۇر ئاقىل،
كۆنلەرنى غەنىيمەت بىلمىگەن كىشى.

بولسىمۇ خىياللار ھامان خام-خۇتا،
خىيالسىز يۈرگەننى كۆرمىدۇق تېخى.
ئەتىمىز بولغاچقا بۈگۈندىن ئەۋزەل،
لېكىن، بىز خام خىيال سۈرمىدۇق تېخى.

2005-يىل 28-ئاپرېل، غۇلجا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىڭى ئادرېسى

# ناخشا تېكستلىرى

## قورقىمەن

خوپ ئۆزۈڭ، دۇنيا، بىراق شەيتانلىرىڭدىن قورقىمەن،
بىگۇناھنى باغلىغان ئارقانلىرىڭدىن قورقىمەن.
بىر دېڭىزغا ئوخشىتىپ دائىم سېنى ماختاي دېسەم،
قانچە رەت كېمەمنى دۇم قىلغانلىرىڭدىن قورقىمەن.

بەرگىنىڭ بەرگەنگە قوشلاپ مېنى ھەيران ئەيلىدى،
بەرمىسەڭ ئەكسىچە، جان ئالغانلىرىڭدىن قورقىمەن.
قۇرۇسۇن كۆرگەن كۆنى ئاق نانلىرىڭدىن ئايرىلىپ،
ئويلىسام، دېھقاننى ئاچ قويغانلىرىڭدىن قورقىمەن.

197

تۈزلىرىڭدە تۈلكە يۈرسە كۈندە ئەلگە ئارىلىشىپ،
بۆرە يوق، دەپ ماختىما، ئورمانلىرىڭدىن قورقىمەن.
جىق بالالار قۇترىشۇر كىملەرگىدۇ تەھدىت سېلىپ،
كۈندۈزىڭدە قايغۇ يەپ، ئاخشاملىرىڭدىن قورقىمەن.
1991-يىل نويابىر

# يار كەلگىچە

يارى يوق يېگانىمەن يار كەلگىچە،
بىقارار دىۋانىمەن يار كەلگىچە.
خەت-خەۋەر، مەكتۇپلىرى دىدار ئەمەس،
قانچە يىل ئاۋارىمەن يار كەلگىچە.

بۇ غېرىب كۆڭلۈمگە كۆلپەت كۆپ ئېرۇر،
ئۆزگىلەر يارى بىلەن جۈپ-جۈپ ئېرۇر.
چۆلدە رىزقىم يارنى دەپ ئوت-چۆپ ئېرۇر،
نە ئېتەي، ۋەيرانىمەن يار كەلگىچە.

بىر دۇتاردۇر مەن چالارغا تارى يوق،
بىر چىمەندۇرمەن گۈلى-گۈلزارى يوق.
بۇ جۇدالىقتا مېنىڭدە چارە يوق،
كۈندە مىڭ ھەيرانىمەن يار كەلگىچە.

يولدىن ئۆتكەن يات بىراۋلارنى توراپ،
مەن بىزار قىلدىم، نىگارىمنى سوراپ.
چەكمەس ئەردىم، دەرد ئۆچۈن چەكتىم ئوراپ،
ئىزلىبان سەرسانىمەن يار كەلگىچە.

1993-يىل 8-يانۋار

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# ئادەمدەك ياشا

قالمىسۇن ئىنساندىن ھايۋاننىڭ ئىزى.
ئاگاھ بول، ئادەمسەن، ئادەمدەك ياشا.
پۈل تاپساڭ بولمايسەن تەگرىنىڭ ئۆزى،
ئاگاھ بول، ئادەمسەن، ئادەمدەك ياشا.

خىيانەت بار جايدا دىيانەت يوقتۇر،
دىيانەت بار جايدا جىنايەت يوقتۇر.
ياخشىنىڭ نامىغا قىيامەت يوقتۇر،
ئاگاھ بول، ئادەمسەن، ئادەمدەك ياشا.

ئەجرى يوق ئىنساندىن قارا يەر ياخشى،
قەدرى يوق مېھماندىن قەلەندەر ياخشى.
ئەمەستۇر دوستۇڭدىن دۇر-گۆھەر ياخشى،
ئاگاھ بول، ئادەمسەن، ئادەمدەك ياشا.

بىر كەلدىڭ، بىر كەتتىڭ، ئالەمدە يوق سەن،
تەقدىردە بەئەينى ئېتىلغان ئوق سەن.
يۈرسەڭمۇ گاھى ئاچ، گاھىدا توق سەن،
ئاگاھ بول، ئادەمسەن، ئادەمدەك ياشا.

1994-يىل سېنتەبىر

## ئالەم ھۆكۈمى شۇنداقمىدۇ

ئانا ئېيتقان ئەللەيلەرگە،
قانداق ناخشا يېتەلەيدۇ؟
ئانا چەككەن جاپالارنى،
قانداق باتۇر يېڭەلەيدۇ؟

ئانا، دەيمىز يىراقلاردىن،
ئەجەب شۇئان يېتەلەيمىز.
ئالەم ھۆكۈمى شۇنداقمىدۇ،
ئەجەب بىللە ئۆتەلەيمىز.

ئۇچۇپ كەتتۇق يىراقلارغا،
ئاق يول تىلەپ ئانا قالدى.
پاراغەتنى بىزگە بېرىپ،
مۇشەققەتنى ئۆزى ئالدى.
1995-يىل 15-فېۋرال

## يازغان خەتلىرىڭ

قىزىل گۈل پۇرايدۇ يازغان خەتلىرىڭ،
سەن، گۈلۈم، خېتىڭنى باغدا يازغانمۇ؟

تاڭ سەھەر بولبۇلدەك تەلمۈرۈپ ياكى،
قىزىل گۈل ئېچىلغان چاغدا يازغانمۇ؟

قىزىل گۈل پۈرايدۇ يازغان خەتلىرىڭ،
قولۇڭدا قىزىل گۈل بارمىدى ياكى؟
كەلمەستىن شۇنداق خەت يېزىپ تۇرساڭمۇ،
بىر سېنى كۈتەرمەن ئۆلگىچە تاكى.

قىزىل گۈل پۈرايدۇ يازغان خەتلىرىڭ،
ئايلىنىپ كەتتىڭمۇ ياكى سەن گۈلگە؟
يېزىپ تۇر، دىلبىرىم، مۇھەببەت ئۈچۈن،
خەتلىرىڭ نەمۇنە، خەتلىرىڭ ئۆلگە.
1998-يىل 9-ئىيۇن



## ئۈمىدسىزلەر

ياخشى بولساڭ ئامەت يېنىڭدا،
يامان بولساڭ ئاپەت يېنىڭدا.
ياخشى كۆرگەن يارىڭ بولمىسا،
نېمە قىلسۇن راھەت يېنىڭدا؟!

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىشقەدەم ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئۈمىدسىزلەر ئۆلۈككە مىسال،
ئۈمىدلىكلەر بۈيۈككە مىسال.
ئۈمىدسىزنى باشلىما ئۆيگە،
ئۈمىدلىكنىڭ دوستى بولۇپ قال.

ئۈمىد كېلۇر بىزگە يۈك ئارتىپ،
يىقىلغاننىڭ قولىنى تارتىپ.
ئۈمىد-ئارزۇ كۆكلىتەر بىزنى،
ياشىمايمىز شۇڭا ئۈھ تارتىپ.

1999-يىل 17-ئىيۇن

## يىراقلاردىن خەت

يىراقلاردىن خەت يازدىم ساڭا،
ئامان-ئېسەن بارمۇ سەن، ئانا؟
باللىقتا ئالغان ھۇزۇرنى،
ئالارمەنمۇ سېنىڭدىن يەنە؟

بولۇپ قالدى يىراقتا رىزقىم،
شۇنداق ئىكەن ھەر كىمدە ھايات.
ئامالىم يوق ئۇچۇپ بارارغا،
تەگرىم ماڭا پۈتمەپتۇ قانات.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

بولۇپ قالدىم بىكۆيۈم بالا،
تاپقانلىرىم ئۆزۈمدىن ئاشماس.
ئەسكە چۈشسە شۇ سەۋەنلىرىم،
نىچۈن مەندىن ئۇيقۇلار قاچماس؟

شۇنداقتىمۇ هايات قانۇنى،
ئانا بېرەر، بالا بېرەلمەس.
جۇدالىققا چىداپ ئاھ، شۇنداق،
بالا يۈرەر، ئانا يۈرەلمەس؟!

2000-يىل 20-ئاپرېل

## ئىشقىڭ بىلەن

ئەتلەس كۆڭلەك كىيىپ كەپسەن،
ئاق بويىنۇڭغا مارجان ئاسماي.
كەپتەر بولۇپ ئۇچۇپ بارسام،
تۇرارسەنمۇ بىر دان چاچماي؟

كىمگە بەرسەڭ مەيلى ئىدى،
قوللىرىڭدا بىر دان بولسام.
تاپار ئىدىم ئۇلۇغلۇقنى،
ئۆزۈڭ ياققان بىر نان بولسام!

ئۆزۈك ماڭغان كوچىلاردىن،
تەلەي ئىزدەپ يۈرەر بارچە.
ئىشقىلىڭ بىلەن بىر مەن ئەمەس،
كۆيەر ئالەم ــ كۆيەر بارچە.
2000-يىل 9-ئىيۇل

## قىزلار، ئەي قىزلار

چوغلۇق تاغدىدۇر، بۇلبۇل باغدىدۇر،
هايات بايرىمى ياشلىق چاغدىدۇر.
ئويلاپ ئوينىغان كۆز ياشتىن خالىي،
بىئەقىل قىزلار هەسرەت-داغدىدۇر.

باهاردۇر، گۈلدۇر قىزلاردا ياشلىق،
ياشلىق يولىمۇ چاتقاللىق، تاشلىق.
قىزلار، ئاھ قىزلار، بولايلى سەگەك،
ياراشماس بىزگە ئارتۇق بەڭۋاشلىق.

پۈتىنلىك كەينىدىن ئەگەشمەيلى بىز،
ئالۋاستىلارغا يۈگەشمەيلى بىز.

قىزلار، ئەي قىزلار، ھايات بېغىدا،
ئېچىلماي تۈرۈپ تۈگەشمەيلى بىز.
2001-يىل 20-يانۋار

## كەل، دېگەندە كەلمەيسەن، يارىم

ئۆستەڭ باشقا، دەريا بىر باشقا،
شەھەر باشقا، سەھرا بىر باشقا.
باشتا لەۋزە قىلغىنى بىلەن،
ۋاپاسىز يار قويار كۆز ياشقا.

ئاق تۇرنىلار كېلىپ چۈشكەن كۆل،
ئۈچۈپ كەتسە بولۇپ قالار چۆل.
مۇشكۈللەرگە چىدىغان بىلەن،
يالغۇزلۇققا چىدىماس كۆڭۈل.

ياز ياراشقان بويلىرىڭ باردۇر،
باغدا باققان قويلىرىڭ باردۇر.
كەل، دېگەندە كەلمەيسەن، يارىم،
سېنىڭ باشقا ئويلىرىڭ باردۇر.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

باغقا باللار كىردى قىيغىتىپ،
چىقىپ كەتتى ئۆرۈك ئېغىتىپ.
سېنىڭ كۆرەر كۆنلىرىڭ چاغلىق،
تەنھالىقتا مېنى يىغلىتىپ.

2001-يىل 30-يانۋار، غۇلجا

## رەنجىشكە نېمە هاجەت

كەلمىگەن گۇناھ سەندە،
بارمىغان گۇناھ مەندە.
رەنجىشكە نېمە هاجەت،
هەر ئىككىلىمىز بەندە.

ئاخىرلاشمىسا قىشلار،
كەلگەيمۇ ئۇچۇپ قۇشلار؟
باقمايدىكەن هېچكىمگە
بۇ دۇنيادىكى ئىشلار.

بوران سۇندۇرۇپ شاخنى،
كەتتى ئۇچۇرۇپ قاقنى.
كۆڭۈلنىڭ كەينىدە يۈرۈپ،
هالاك ئەتمەيلى ئەخلاقنى.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

تاغلار يولىدا يولۋاس،
يالغۇز ماڭغىلى بولماس.
يار بەرمىسە كۆڭلىنى،
سوراپ ئالغىلى بولماس.

2001-يىل 5-ئاپرېل

## جاھان دېگەن يارالغان شۇنداق

دەردسىز ئوغۇل تۇغمايدۇ ئانا،
تۇغۇلمايدۇ بەختىيار قىز ھەم.
كۈلكە بىلەن كۆز ياش قوشنىدۇر،
شۇنداق ياشاپ كېلۇر ھەر ئادەم.

قىينالساڭمۇ ئۆتىدۇ بىر كۈن،
يايرىساڭمۇ ئۆتىدۇ بىر كۈن.
بىلەلىسەڭ ياشاشنى قانداق،
گۈل تۇتىدۇ سەن ئۈچۈن ھەر كۈن.

كىمدۇر بىرى يۈرىدۇ غەملىك،
غەم-قايغۇمۇ گاھى بىردەملىك.
جاھان دېگەن يارالغان شۇنداق،
بىر يەر قاقاس، بىر يەر چىمەنلىك.

خۇشال تۇرغىن تالڭ ئاتقاندىمۇ،
خۇشال قالغىن كۈن پاتقاندىمۇ.
ئىزدىن چىقما راھەت كۆرگەندە،
چىداش كېرەك دەرد تارتقاندىمۇ!
2001-يىل 1-ماي

## يىغلاپ قالمايلى ياشلىق كەتكەندە

بەھۋاش كۆڭۈلنىڭ كەينىدە يۈرۈپ،
يىغلاپ قالمايلى ياشلىق كەتكەندە.
ئۆلمىگەن جانغا ئەتىمۇ كېرەك،
يىغلاپ قالمايلى ياشلىق كەتكەندە.

ياشلىق ھېچكىمگە مەڭگۈلۈك ئەمەس،
تاشلايدۇ ئۇتقا تىزگىنسىز ھەۋەس.
ئالىم بولماقتىن ئادەم بولماق تەس،
يىغلاپ قالمايلى ياشلىق كەتكەندە.

ئېگىز بىناغا مەزمۇت تام كېرەك،
شۇڭا، ياشلىققا شەرەپ-شان كېرەك.

چۈنكى، ياشانساڭ ياخشى نام كېرەك،
يىغلاپ قالمايلى ياشلىق كەتكەندە.

2001-يىل 11-ماي

## كېلەلمىسەڭ يالغۇز ئۆتەرمەن

تاڭ ئاتقىچە سېنى كۈتەرمەن،
كۈن پاتقىچە سېنى كۈتەرمەن.
هالاك بولۇپ ھىجراندا ئەگەر،
كېلەلمىسەڭ يالغۇز ئۆتەرمەن.

كېلىپ تۇرسا يازغان خەتلىرىڭ،
بىلىنمەيدۇ تارتقان دەردلىرىم.
ئۆلمەس ئەمما خىيال كەپتىرىم،
كېلەلمىسەڭ يالغۇز ئۆتەرمەن.

سەنسىز قانات قاقمايدۇ كۆڭلۈم،
ياتقا ئىشىك ئاچمايدۇ كۆڭلۈم.
ئۆزگىلەرگە تارتمايدۇ كۆڭلۈم،
كېلەلمىسەڭ يالغۇز ئۆتەرمەن.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرېسى

تېپىلمايدۇ ماڭا سەندەك يار،
بۇ كەڭ دۇنيا سەنسىز ماڭا تار.
تولۇقلىغىنىم پەقەت بىر شوئار،
كېلەلمىسەڭ يالغۇز ئۆتەرمەن.

2001-يىل 11-ماي

## بۇغداي سۆزۈك يوقمىدى سىنىڭ

سۆيمەيمەن، دەپ بىرىپسەن ئۇچۇر،
قارا قىلىپ بەختىمنى مىنىڭ.
بۇغداي نىنىڭ بولمىسا، يارىم،
بۇغداي سۆزۈك يوقمىدى سىنىڭ؟

ئۈمىدلىرىم ئۆلدى قولۇڭدا،
ئوق تەگدىغۇ تىلەكلىرىمگە.
غايىبانە سەن سالغان پىچاق،
سانچىلدىغۇ يۈرەكلىرىمگە.

مىنى سۆيمەس بوپقالدىڭ نىچۈن،
بىلمەي تۇرۇپ يامانلىقىمنى؟

سۆيمسەڭمۇ مەيلى، ئەزىزىم،
تىلەپ يۈرگىن ئامانلىقىمنى!
2001-يىل 4-ئاۋغۇست

## بەرمە

«ئاغزى دوست»لارغا ئاغزىڭدا دوست بول،
ئىلكىڭدىن بىر تال قىلىڭنى بەرمە.
ئۆزۈڭ تەر تۆكۈپ، ئۆزۈڭ كۆكلەتكەن
بېغىڭدىن بىر تال گۈلۈڭنى بەرمە.

ئالدايدۇ سېنى يالغان ۋەدىسى،
قولىنى سۇنسا قولۇڭنى بەرمە.
ئاغزى دوستلىرىڭ پەگادا تۇرسۇن،
مەرىكەڭگە كەلسە تۆرىڭنى بەرمە.

ئىنسان ۋۇجۇدى بىر تىلسىم دۇنيا،
سۆيگۈڭ بولسىمۇ سىرىڭنى بەرمە.
سەندىن ئالغانىنى دەيدۇ ئۆزىنىڭ،
توڭلاپ ياتسىمۇ تونىڭنى بەرمە.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىڭى ئادرېسى

ئالتۇنىدىن ئەۋزەل بىلگىن كۆڭلۈڭنى،
دۇر-زەر بەردى! دەپ دىلىڭنى بەرمە.
يالغان دوستلاردىن دۇشمەنلىك كېلۇر،
رولىڭنى بەرمە، يولۇڭنى بەرمە.
2001-يىل 16-ئاۋغۇست

## توزۇپ كەتتى تالاي قىزىل گۈل

كېپىنەكلەر سۆيۈپ قويغانغا،
توزۇپ كەتتى تالاي قىزىل گۈل.
سۇرۇشتۇرسەڭ ۋەجىنى، گۈللەر—
بولۇپ قاپتۇ كېپىنەك كۆڭۈل.

تالاي قىزلار ئازدى يولىدىن،
ھېرىس بولۇپ ئالتۇنغا، پۇلغا.
سەگەك بولۇڭ، تەنتەك مۇھەببەت —
ئايلاندۇرار قىزلارنى قۇلغا.

سۆيگۈ ئىزلەر ئاشىقلار، لېكىن،
بۇلبۇل باشقا، كېپىنەك باشقا.

ئاشىقلارنىڭ، سەگەك بولمساڭ،
نامەردلىرى قويار كۆز ياشقا.
2001-يىل 25-ئاۋغۇست

## سىنى كۆرگەن چۈشۈم ياخشىكەن

مەنزىلىڭدىن قالدىم بىخەۋەر،
مەلۇم ئەمەس بارار-تۇرارىڭ.
راست گېپىڭنى ئېيتقىنا يارىم،
مەندىن ئۆزگە بارمىدى يارىڭ؟

ئەلدىن سوراش ئۇياتقۇ سېنى،
سورىماسقا قويمىدى كۆڭلۈم.
ئۇچۇرىڭنى ئالسام ناۋادا،
سەن كەلگەندەك يايرىدى كۆڭلۈم.

يارسىز ئۆتكەن باھاردىن، يازدىن،
يارنى كۆرگەن قىشىم ياخشىكەن.
سەندىن جۇدا يۈرگەن كۈنلەردىن،
سېنى كۆرگەن چۈشۈم ياخشىكەن.
2001-يىل 15-ئۆكتەبىر



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

## جاڭگالدىكى ئاق توشقان

جاڭگالدىكى ئاق توشقان،
ئاناڭ كىم، ئاناڭ نەدە؟
قاچانغىچە ئوينايسەن
كۆكلۈك خالىغان يەردە؟

رىزقىڭ پۈتىدۇ نەدىن،
ناشتاڭغا نىمە يەيسەن؟
كۆرۈنگەن بىلەن ئويناپ،
يارىڭغا نىمە دەيسەن؟

جاڭگال ئارىلاپ ماڭغان
ئاق قاردا ئىزىڭ قاپتۇ.
ئويۇنىڭ ئاخىرى چىقماي،
سىنى قارچىغا ئاپتۇ.

جاڭگالدىكى ئاق توشقان،
هازاڭغا بارالمىدىم،
ئويلاپ ئوينىغان بولساڭ،
شۇ كۈنگە قالارمىدىڭ؟!

2002-يىل 20-يانۋار

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىشقى ئادرېسى

## خەتلىرىمنى تاشلىۋەتمىگىن

خەتلىرىمنى تاشلىۋەتمىگىن،
خەتلىرىمدە مېنىڭ زارىم بار.
تاشلىۋەتسەڭ يەنە يازارمەن،
سەندىن ئۆزگە نەدە يارىم بار؟!

كۆرسەتمىگىن دۈشمەنلىرىمگە،
يىرتىۋەتمە ياكى ئالدىراپ.
يەتمىسەڭمۇ قەدىرىمگە مەيلى،
ئەقىدەمنى قىلمىغىن خاراب.

تاشلىۋەتسەڭ، بولۇپ قالارمەن،
تاشلىغاندەك تاشنى تالاغا.
ساڭا مۇنچە يىغلىماس ئىدىم،
ئىشقىڭ مېنى قويىدى بالاغا.

خەتلىرىمنى تاشلىۋەتمىگىن،
تاشلىغاندەك ئاچچىق ئالمىنى.
مەنمۇ شاختا بولارمەن يەنە،
ئەللەر كېلىپ ئاتار چالمىنى.

2002-يىل 25-ئاپرېل

## كاككۇك كەلگەندە

غوۋغا قىلۇر بىر سوئال مەندە،
يارىم، باردۇر نە خىيال سەندە؟
مېنى كۈندە سېغىنمىساڭمۇ،
سېغىنغانسەن كاككۇك كەلگەندە؟

ساڭا ئوخشار كاككۇك كەلگەن باغ،
دىدارىڭدۇر كاككۇك كەلگەن چاغ.
سەن بولمىساڭ كاككۇك كەلگەندە،
يۈرىكىمدە قالامدۇ بىر داغ؟!

قارا قىشنى چىقاردىم غەمدە،
كېيگەنلىرىم ئۇچامغا جەندە.
قەلەندەر بوپ ئالدىڭغا چىقسام،
تونارسەنمۇ كاككۇك كەلگەندە.
2002-يىل 28-ئاپرىل



## كېلەلمىسەڭ ئۇنتۇپ كەت مېنى

كېلەلمىسەڭ ئۇنتۇپ كەت مېنى،
يەنە خەتلەر يېزىپىمۇ يۈرمە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

جۇدالىقمۇ تەقدىرنىڭ ئىشى،
تەقدىردىن كۆر، مېنىڭدىن كۆرمە.

كېلەلمىسەڭ ئۇنتۇپ كەت مېنى،
قېيدىمايمەن تاشلىۋەتتى، دەپ.
پېشانەمدە باردۇر باشقىسى،
ئارزۇ باشقا، تەقدىر باشقا گەپ.

كېلەلمىسەڭ ئۇنتۇپ كەت مېنى،
مەنمۇ ئۇنتاي بارالمىغاچقا،
سېنىڭدىنمۇ ئۆزۈلدى ئۈمىد
مەن تەلەيلىك يارالمىغاچقا.

2002-يىل 6-ئىيۇل

## سېغىنغاندا كېلەلمىسەڭمۇ....



ئۇچۇرىڭنى بېرىپ تۇر، يارىم،
سېغىنغاندا كېلەلمىسەڭمۇ.
سۆيدۇم، دەپ يوز سورىغانلارغا،
كۆڭلدە كېلىپ سۆيەلمىسەڭمۇ.

ھىجرانى بار سۆيگۈ دېگەننىڭ،
ئازابىغا كۆنەلمىسەڭمۇ.

بىر ئوت دەپ يۈر سەنمۇ ئۆزۈڭنى،
گەرچە مەندەك كۆيەلمىسەڭمۇ.

ئەتەڭ تامام ۋىسالدۇر، يارىم،
بۈگۈن ئويناپ-كۈلەلمىسەڭمۇ.
بۇ سۆيگۈدە غەم قىلما مەندىن،
چۈشلىرىڭدە كۆرەلمىسەڭمۇ.

دوستلىرىڭدىن پەخەس بولۇپ يۈر،
كىملەر دۈشمەن، بىلەلمىسەڭمۇ.
قايدا بولساڭ ئامان بول، يارىم،
سېغىنغاندا كېلەلمىسەڭمۇ.

2004-يىل 25-يانۋار

## مېنى سورىساڭ
(ساتىرا)

هاماقەتنىڭ رولىدىمەن،
قويمىچىنىڭ قولىدىمەن.
مېنى سورىساڭ نەدە؟ دەپ،
تۈلكە قازغان ئورىدىمەن.

قەرز بېرىپ ئالالمىغاچقا،
كۆندە سوتنىڭ يولىدىمەن.
خام ئىكەنمەن جىق ئىشتا،
قايىلمىغاچقا كورىدىمەن.

تالاي غەلۋىردە تاسقالدىم،
تالاي تۈگمەننىڭ نورىدىمەن.
چاشقان بىلەن تۆشۈك قازدىم،
ئىتلار كەينىدە شورىدىمەن.

ئۆگىنىپ قالدىم تاۋۇكاغىمۇ،
قىمارۋازنىڭ خورىدىمەن.
كىگىز، گىلەم دوغا كەتتى،
شۇڭا قالدىم بورىدىمەن.



ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى www.uyghurkitap.com

ساقايمىدىم بۇ كېسەلدىن،
دوختۇر بەرگەن دورىدىمەن.
مېنى سورىساڭ شۇڭا بەزىدە،
ساقچىلارنىڭ تورىدىمەن!

2001-يىل 20-ئىيۇن، غۇلجا

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# ئىككى ساترا

## ئاغرىڭدىكى نېمە ئۇ

شوپۇر ئىنىم ئاغرىڭدىكى نېمە ئۇ،
قاق سەھەردىن گۇگۇمغىچە چايناقلىق؟
شاما چايناش بولمايتتىغۇ ئەرلەردە،
يا ئەتكەن چاي ئىچكەنمىدىڭ قايماقلىق؟

ئوخشاپ كەتتىڭ ئاخشام كۆرگەن چۈشۈمدە
كۆشەپ تۇرغان بىر تۆگىگە باغلاقلىق.
ئوخشاپ قالار ئىدىڭ بەلكىم ئايالغا،
بېشىڭغىمۇ ئارتقان بولساڭ بىر ياغلىق.



تۈكۈرمەيسەن، يا يۇتمايسەن، ئىپتىقىنا،
نەدىن كېلىپ قالدى ساڭا بۇ بايلىق؟
كۆرۈنگەننى دورىمىسا قارغۇجا،
چۈشەنمىدىم، باسارمىدى گادايلىق؟!

ئىچىم ئاغرار: ئاغرىڭغاندۇر ئاغزى! دەپ،
مۆھلەتمۇ يا بىر چايىنمى بىر ئايلىق؟

سېغىنز ئەمەس، پاتاك، دەيدۇ بىرلىرى،
يۈمشىمامدۇ سۇغا سالساڭ قايناقلىق؟

لوبەن ئىنىم، چەپ پۇتىنى تەخەينىڭ
باغلىمىسا بولۇپ قالار مايماقلىق.
ئالتۇن سۆزلۈك ئاغزىڭىزغا، ئويلانماي
ياخشى ئەمەس ئۇچرىغاننى ئالماقلىق!

## ئارتىس قىزغا ئازغىنە سۆز

كىندىكىڭنى ئېچىۋەتتىڭ سەھنىدە،
يۈزلىرىمنى ئېتىۋالدىم مەن ئەمما.
كېلەر قېتىم ئوينارسەنمۇ يالىڭاچ،
سەنغۇ خۇشال، ماڭا چۈشتى غەم ئەمما.

مەن تۆۋەندە ئۆلۈپ كەتتىم ئۇياتقا،
پىرقىرايسەن پەرۋا قىلماي سەن ئەمما.
شەھىرىمىزدە سانىسىز قىزلار بولسىمۇ،
لېكىن سەندەك قېلىن قىزلار كەم ئەمما.

كوچىلارغا چىقارسەنمۇ شۇ پېتى،
سەن چىققاندا مېنىڭ كۆزۈم نەم ئەمما.

ئۇزاق بولدى ئىچمۇەتتىڭ كۆكسۈڭنى،
شۇنىڭغىمۇ ئاھ ئۇرغانتىم مەن ئەمما.

خۇشالمىدۇ ئاتا-ئاناڭ شۇلاردىن،
بىز ئالمىدۇق قىلچە ھۇزۇر-تەم ئەمما.
سوراپ باقاي دېسەم بېرىپ شۇلاردىن،
نېمىشقىدۇر بولالمىدۇق جەم ئەمما.

2004-يىل 5-يانۋار، غۇلجا



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## دەپتۇدەك

مېنى بىرى: ياشاشنى بىلمەيدىكەن دەپتۇدەك،
ئويۇن-كۈلكە بار يەردە يۈرمەيدىكەن، دەپتۇدەك.
ئايالىلارغا ئۆچمىكىن، ئايالمىكىن يا ئۆزى،
بىزدەكلەرگە قاقاقلاپ كۈلمەيدىكەن، دەپتۇدەك.

زېرىكمەپتۇ شۇنچە يىل ئەسكى ئۆيدە ئولتۇرۇپ،
ھۆكۈمەتتىن ئايمۇ ئاي ئېلىۋاتقان پۇل تۇرۇپ.
سالالماپتۇ ئۆيىگە تۆت گىلەممۇ تولدۇرۇپ،
خىيالىغا بۇ ئىشلار كىرمەيدىكەن، دەپتۇدەك.

نېمىكىنتاڭ خىيالى، ئۆزى تۈزۈك زىيالىي،
قامىتىمۇ كېلىشكەن، ئۇنىۋانىمۇ ئەڭ ئالىي.
ئاشنىسىمۇ يوق دەيدۇ، (بۇ ئىشلاردىن كىم خالىي؟)،
ھۇزۇرىنى دۇنيانىڭ سۈرمەيدىكەن، دەپتۇدەك.

يانفونى يوق يېنىدا، گالىستۇك يوق بوينىدا،
ئىشلەيدىكەن دېھقاندەك كەتمەن تۇتۇپ ھويلىدا.
خوتۇنىمۇ چاغلىقكەن بىللە ياتقان قوينىدا،
سايە قىلسا باشقىنى، كۆنمەيدىكەن، دەپتۇدەك.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

تەتقىقات دەپ، ئىجاد دەپ ئۆتۈپ بوپتۇ ياشلىقى،
ياكى يېڭى بولماپتۇ ئۆتۈكىنىڭ باشلىقى.
ھە ئىلاھىم، دېھقاندەك قاردا قالغاي ئاشلىقى،
شۇ تۇرمۇشتىن ياكى قول ئۈزمەيدىكەن، دەپتۇدەك.

كىرىپ بارساق، باشلىدى ساراي تۇرۇپ، دالانغا،
خاپا بولساق كارى يوق، چۈشۈپ كەتتى پاراڭغا.
ساراڭ دېسەڭ گەپلىرى ئوخشمايدۇ ساراڭغا،
زېرىكمەستىن كەچكىچە سۆزلەيدىكەن، دەپتۇدەك.

ئېچىۋالسا كىتابنى، ياپمايدىكەن كۆنبويى،
ئېلىۋالسا قەلەمنى، ياتمايدىكەن تۈنبويى.
مۇشەققەتتىن باشقىنى بىلمەيدىكەن يىلبويى،
شۇنداق ياشاپ ھېلىمۇ ئۆلمەيدىكەن، دەپتۇدەك.



يۆتكەپ باقتۇق پاراڭنى ئىشرەتلەرگە، ئويۇنغا،
سۆرەپ باقتۇق قانچە رەت ئالا-يېشىل سورۇنغا.
تارتىپ باقتۇق ھەتتاكى سېلىپ قويغان ئورۇنغا،
سۆيۈنگەننى، ۋاي ئىست، سۆيمەيدىكەن، دەپتۇدەك.

چەكمەيدىكەن تاماكا، ئىچمەيدىكەن ھاراقمۇ،
بىلەلمىدۇق، ئەزەلدىن ئۆزى شۇنداق قالاقمۇ؟

يۇرمەيدىكەن ھەر كۈنى چاچلىرىنى تاراپمۇ،
تارالڭ! دېسە جۇدۇنى ئۆرلەيدىكەن، دەپتۇدەك.

قاچان كۆرسەك قاپقارا ئۆسۈپ كەتكەن ساقىلى،
كېلەڭسىزدىن-كېلەڭسىز كېيىۋالغان چاپىنى.
بولغان بىلەن پايپىقى، ئېچىلىپ قاپتۇ تاپىنى،
تۈزۈككىنە ئۈستىۋاش كىيمەيدىكەن، دەپتۇدەك.

ئالىم دېگەن ياسىنىپ تۇزدەك قېتىپ يۈرمەمدۇ،
بۇ بەش كۈنلۈك ئالەمدە كۆڭۈل ئېچىپ يۈرمەمدۇ.
ئەتراپىدا تۈمەن گۈل، پۇراپ بېقىپ يۈرمەمدۇ،
قۇرغۇي دېسەڭ، ئىندەككە كەلمەيدىكەن، دەپتۇدەك.

تاللىماسكەن تاماقمۇ، چىقمايدىكەن بازارغا،
ئالىدىكەن چىقسىمۇ قەغەز-قەلەم يازارغا.
بولۇۋاپتۇ تاۋاپگاھ، ئايلىنارمىش مازارغا،
ئۆزگە ئىشقا مەيلىنى بەرمەيدىكەن، دەپتۇدەك.

بىلمەيدىكەن ياشاشنى، ئەخمەق ئىكەن ئۆزىمۇ،
دادىسىغا ئوخشاشكەن بىر ئوغلىنىڭ سۆزىمۇ.
قاش-كۆزىنى ياساشنى بىلمەيدىكەن قىزىمۇ،
ئەينەك تاقاپ، موتومۇ مىنمەيدىكەن، دەپتۇدەك.

226

بىزدە بولسا، ۋاي ئىسىت، شۇنداق ئىمكان، ئىمتىياز،
كۆڭدە ئويناپ، يەپ-ئىچىپ، قىلمايتتۇقمۇ قىشنى ياز.
ئەجەب ئادەم ئىكەن ئۇ، راھەتتە يوق، پەيزى ئاز،
ئەتىمالىم، ئايالى كۆڭلەيدىكەن، دەپتۇدەك.

2003-يىل 4-ئاي، غۇلجا



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىچى ئادرېسى

## كەپتۇدەك

(ساتىرا)

بىزنى يەنە بىر ئۈمەك گوللىغىلى كەپتۇدەك،
نەلەرگىدۇر «ئىلغار» دەپ يوللىغىلى كەپتۇدەك.
«پىچىر-پىچىر» گەپ تولا: كۆتۈۋالسام كىم ياخشى.
ئەڭ ئاۋۋىلى شۇلارنى قوللىغىلى كەپتۇدەك.

مۇپەتتىشكەن ئاتىقى، مېھمانخانا ياتىقى،
قانمىغۇچە ئويۇنغا ئىچىلمايدۇ قاپىقى.
ئىچىۋالسا، ئاز ئەمەس مۇلازىمغا چاتىقى،
ئۇنىمىسا، ئۇلارنى زورلىغىلى كەپتۇدەك.

كىمدە بولسا ئەمەل-تاج، شۇنىڭ بىلەن گېپى بىر،
ئويناپدىغان مەشرىپى، چالىدىغان دېپى بىر.
تارتىدىغان ئوغلىقى، مىنىدىغان ئېتى بىر،
شۇلار بىلەن يەپ-ئىچىپ، ئوينىغىلى كەپتۇدەك.

بىزنىڭ باشلىق چېچەندۇر، باشلىقۇەتتى سەيلىنى،
قوشۇپ بېرىپ قىز-چوكان، تارتىۋالدى مەيلىنى.
ھاڭگىراماسكەن ئىشەكمۇ مايلاپ قويسا كەينىنى،
ماراپ يۈرۈپ قىز-چوكان ئوۋلىغىلى كەپتۇدەك.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

شەنبە كۈنى يېشىل باغ ئۇلار ئۈچۈن خىزمەتتە،
قىلىشمايدۇ شەنبىدىن يەكشەنبىمۇ ئەلۋەتتە.
قاتارلىشىپ پىكاپتا ئاغقا ماڭدى رەت- رەتتە،
ئەسلىي ئۇلار بۆرە بوپ قوي يېگىلى كەپتۇدەك.

ساھىبخانىنى قىستاركەن، قىشتا قىمىز تاپقىن، دەپ،
بايتاللىرىڭ بولمىسا، ئاتلىرىڭنى ساغقىن، دەپ.
بۇيرۇق قىلار: ئورماندىن قىرغاۋۇللار ئاتقىن، دەپ،
بىزنى سىيلىق-ئالۋانغا بۇيرۇغىلى كەپتۇدەك.

ياساپ قويغان ئۆيلەرنى بىلىپ تۇرۇپ ئۇنچىقماس،
قۇرۇپ كەتكەن ئىپتىزنى كۆرۈپ تۇرۇپ ئۇنچىقماس.
ئەگىز سۇدا كۈندە قول يۇيۇپ تۇرۇپ ئۇنچىقماس،
ئۆزگىنىمۇ ئۆزىدەك بۇلغىغىلى كەپتۇدەك.

229 ئىشتىھاسى ئۇلارنىڭ قاسقىردىنمۇ قالمايمىش،
ئاش ئاغزىغا بارغۇچە كالپۇكلىرى يالمايمىش.
قوي سويمىغان سورۇنغا سۆرىسىمۇ بارمايمىش،
ئۇلار شۇنداق بىر مەھەل يايرىغىلى كەپتۇدەك.

كەپكۈردىنمۇ ئۇلارنىڭ قالمايدىكەن ئالقىنى،
ئەسلىتەركەن چىشلىرى بىلەپ قويغان پالتىنى.

ئېلىپ كەپتۇ يانچۇق دەپ بەش-ئالتىدىن خالتىنى،
بىزنى ئەمەس، ئۆزىنى ئويلىغىلى كەپتۇدەك.

تىلى بارۇ، سۆزى يوق پۇقرالارغا ياققىدەك،
ئۆزى بارۇ، كۆزى يوق نامراتلارغا باققىدەك.
لازىملىقنى ئۆزىگە ئەمما پۇراپ تاپقىدەك.
بىزگە ياقماس بىر ناخشا توۋلىغىلى كەپتۇدەك.

قولاقلىرى بار، ئەمما ئەرز، ئىنكاس تىڭشىماس،
ئون كەلسىمۇ يوقسۇلنىڭ هال-كۆڭلىنى ئوڭشىماس.
تاپىنىدا ئۇلارنىڭ ئەسلا خامان يۇمشىماس،
خۇيى تۇتسا پۇقرانى تىللىغىلى كەپتۇدەك.

ياخشىلارنى ماختىماس، يامان بىلەن كارى يوق،
دۇتار ئىكەن گويا بىر، قۇلىقى يوق، تارى يوق.
تۇگىتىدۇ تەكشۈرۈپ، تەدبىرى يوق، چارە يوق،
بىزنى كالۋا-دۆت كۆرۈپ كوملىغىلى كەپتۇدەك.

كۆپ كۆرگەنمىز بۇ يەڭلىغ تەكشۈرگۈچى ئۆمەكنى،
تەڭلەپ قويۇپ قايتىشتا، ئاغزىمىزغا جۇمەكنى.
بۆلەپ قويۇپ بۆشۈككە، سىلىپ قويۇپ شۇمەكنى،
چىداملىقنى بىز كەبى خىللىغىلى كەپتۇدەك.

قايتىپ بېرىپ ئاشۇلار باشلىقىغا نېمە دەر،
بۇ يەردىغۇ كۆندە گۆش، ئۆيلىرىدە نېمە يەر؟
مىڭ پاتمانلىق خىزمەتنى قىلىپ قويدى ئالتە سەر،
شەرەپ-شاننى دەيۇزلەر خورلىغىلى كەپتۇدەك.

2003-يىل 11-ئاي، غۇلجا



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# يەپتۇدەك

(ساتىرا )

ئۆرۈلسمۇ يەپتۇدەك، چۆرۈلسمۇ يەپتۇدەك،
تالاي تەنقىد-تەنبىھلەر بىرىلسمۇ يەپتۇدەك.
يەپ ئۆگەنگەن دەيۈزلەر تارتمايدىكەن ئۆزىنى،
يىقىنلىرى«يىمە» دەپ يىلىنسىمۇ يەپتۇدەك.

ئالىدىكەن يالغاندىن قوبۇل قىلىپ پىكرىنى،
ئالىدىكەن ئۆزىدەك چاشقانلاردىن ئۇچۇرنى.
ئۆگىنىپتۇ قوشۇپ يەپ قانائەتنى، شۈكۈرنى،
ھىسابىدا ئارتۇق-كەم كۆرۈلسىمۇ يەپتۇدەك.

شىرىنكانە بىرىدىن، تامغا ھەققى بىرىدىن،
جايلايدىكەن قورقماستىن ئىپى كەلگەن يىرىدىن.
ئۇنداقلارنىڭ خۇش ئىكەن خوتۇنلىرى ئىرىدىن،
خوتۇنلىرى چاندۇرۇپ كىرىلسىمۇ يەپتۇدەك.

يىلدا خوتۇن يەڭگۈشلەپ يۈرگەنلەرمۇ شۇلاركەن،
دۇنيا ئۇچۇن، پۇل ئۇچۇن ئۆلگەنلەرمۇ شۇلاركەن.
نەدە تاۋكا، شۇ يەردە ئۈنگەنلەرمۇ شۇلاركەن،
نەچچە ئۆلۈپ تاۋكادا، تىرىلسىمۇ يەپتۇدەك.

232

نەچچە يەردە ئۆيى بار، ياخشى يەردە داچىسى،
بىر ئاشنىسى سىگلىمىش، بىر ئاشنىسى ئاچىسى.
خەجلەيدىغان پۇلىنىڭ يۈز كوي ئىكەن پارچىسى،
تۇغقانلىرى تەشۋىشتە «بەس!» دېيىشمۇ يەپتۇدەك.

يىگەنلەرنىڭ يالغاندۇر«خۇدا بەردى!» دېگىنى،
ۋىجدان بىلەن ئىنساپ يوق سۈرۈشتۈرسەك تېگىنى.
يەتمىگەندەك ۋاي تېخى، ياشلىقىدا يېگىنى،
بەزىلىرى ئۆلارنىڭ قېرىسىمۇ يەپتۇدەك.

بىر سەتەڭگە بۇزۇلۇپ، ئاخىر رەسۋا بولغاندەك،
كۆندە سۈنىماس كوزىلار ئاخىر بىر كۆن سۇنغاندەك؛
گاھى چاغدا كۆڭلى غەش خۇددى پوق يەپ قويغاندەك،
تاغدەك تەشۋىش ئۆزىنى قىينىسىمۇ يەپتۇدەك.

ئۆلەمدىكىن ئەمەلدار زادى پارا يېمىسە،
قىلامدىكىن خىيانەت ياكى يولدىن تېنىسە.
يا بەختلىك بولامدۇ بىر ئۆزىنى دېمىسە،
ۋە لېكىن ئۇ، باشقىلار يېمىسىمۇ يەپتۇدەك.

شۇلار بۇزماي كىم بۇزدى بىزدە تۇزۇم، ئەخلاقنى،
ئىچىپ بەردى شەيتانغا ئىشىك بىلەن قاپقاقنى.

باشلاپ بەردى ئاشۇلار باغدىن غورا قاقماقنى،
ئەل ئۇلارنى ھەر كۈنى تىللىسىمۇ يەپتۇدەك.

ھۆركىرەتكەن بۇقىنى ھېلىقى ئىككى نىمسى،
بۇقىمىكىن بىلمىدۇق بەزىلەرنىڭ جىنسى.
كۆڭلۈك قىلار ھوقۇقنى پارىخورنىڭ ھىيلىسى،
كۈندە سىگنال ئۇلارغا چېلىنسىمۇ يەپتۇدەك.

نەپسى ئۇچۇن تۇتقاچقا ئۇلار ئەسلي ئەمەلنى،
چىقارماق بار يېگەننى، بېرىش كېرەك بەدەلنى.
تەس كەلگەندە چىقارماق قانۇن قىلدى ھەمەلنى،
كۈندە سىگنال ئۇلارغا چېلىنسىمۇ يەپتۇدەك.

ئىچ ئاغرىتماڭ ئۇلارغا، قانۇن سوتقا تارتقانغا،
تۈلكە چۈشەر ئاخىرى قۇۋ بولسىمۇ قاپقانغا.
ھەيران بولماڭ ھەر قېتىم بىر-ئىككىنى ئاتقانغا،
ھەر ئامبارغا ئون قۇلۇپ سېلىنسىمۇ يەپتۇدەك.

2004-يىل 18-ئاپرېل، غۇلجا

# غەزەللەر

يىگىتلەر قەلبىدە ئاۋۋال ئانا ئەل ئىپتىخار بولسۇن،
ۋەتەننى سۆيمىگەنلەردىن يىگىت دائىم بىزار بولسۇن.
سۆيۈنگەي بارچە قىزلار ھەم قىسارغا گۈللىرىڭ بىز! دەپ،
ئاسارغا بويىنغا دائىم يىگىتلەر تىل تۇمار بولسۇن.
يىگىت روھىدا جاي تۇتسۇن كىشى تەشنا پىداكارلىق،
يىقىلسا كىم داۋانلاردا يىگىتلەر شۇنداق بار بولسۇن.
يىگىت چىققان ئېتىزلاردا قوراي ئەۋلادى نە قىلغاي،
يىگىتلەر يولىغا ھەر كۈن ئېتىزلار ئىنتىزار بولسۇن.
يىگىتلەر تووۇلغان ناخشا كېچەلەر ئۈيقۇسىن بۇزغاي،
قارا قىشنا يىگىت بار جاي بەئەينى بىر باھار بولسۇن.
يىگىتلەر جىسمىدا مەردلىك قېنى كەم بولمىسۇن ھەرچاغ،
ئاتالار ئارزۇسى: باسقان ئىزىدا لالىزار بولسۇن.
يىگىتلىك پەيتىدە گۈل تەر دىلىڭغا ئادىمىلىكتىن،
ساڭا شۇ ئادىمىلىكنىڭ ئۆزى ھەر كۈن دىدار بولسۇن.
يىگىتلەردە شەرەپ بولماس پەزىلەت تاجىدىن ئۆزگە،
ئاتا بولماق ئۈچۈن ئالىم كەبى ھەم ئىقتىدار بولسۇن.



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

يىگىتلەر باشلىغان سۇدا ياشارغاندەك چىمەنباغلار،
كۆرۈپ دىدارىنى بىر رەت جۇۋانلارمۇ خۇمار بولسۇن.

* * *

يار، تەكەببۇر ئەيلىسەڭ تەنها قالۇرسەن ئاقىۋەت،
كىمگە بارساڭ قان-يىرىڭ يىغلاپ قالۇرسەن ئاقىۋەت.
ئۆز-ئۆزۈڭنى داغلىساڭ گۈل نەسلى دەپ جەننەتتىكى،
باغلىرىڭغا گۈل تېرىپ، قوراي ئالۇرسەن ئاقىۋەت.
سەن كۆزۈڭگە ئىلمىغانلار زەر-كۈمۈشكە ئايلىنىپ،
مىڭ پۇشايمان ئىلكىدە ھەسرەت قىلۇرسەن ئاقىۋەت.
ئايچە بولساڭمۇ، نىگار، كىرمە كېپىرنىڭ كەينىگە،
گۈل كەبى توزۇپ تامام ۋەيران بولۇرسەن ئاقىۋەت.

* * *

تالى مەجنۇن شاخلىرىدا گۈل ئېچىلغان قايدا بار،
ناخشا ئېيتسا دوستلىرىڭ دۈشمەن قېتىلغان قايدا بار؟ 236
ياكى بوران، ياكى كەلكۈن، ھەر قازادا بىر سەۋەب،
كۆك تېرەكلەر بىسەۋەب ئۆزى ئۆرۈلگەن قايدا بار؟
كىم يىقىلسا، يىغلىبان يۆلەرگە لازىم دوست، قاياش،
دوست قاياشى يىغلىماي، دۈشمەن ئېچىنغان قايدا بار؟
ئېتىبارىڭ بولمىسا كىملەر قەدىرلەيدۇ سېنى،
ئۈنچە-مارجان خارۇزار يولغا چېچىلغان قايدا بار؟

ياقا يۇرتتىن يار تۇتۇپ تاپتىڭ پاراغەت قانچىلىك،
باغدا تۇرسا تۆت قولاق، چۆلدىن تېپىلغان قايدا بار؟
كىمگە ئەسقاتقان دۇرۇت-ئەپسۇن دېگەنلەر ئاقىۋەت،
تەردە تۇرسا تەلىيىڭ، مىشچانغا خامان قايدا بار؟
قايسى قامۇسقا يېزىلغان ئىشلىمەي چىشلەرگە نان،
غەيرىي غايىب بوز ئېچىپ، ئۆستەڭ چېپىلغان قايدا بار؟
ئاتىلار ئېيتۇر، جاھاندا كىم قەدىردانىدۇر؟ دېسەم،
ئانا ئەۋزەل بارچىدىن، ئۇنداق قەدىردان قايدا بار؟

*　　　　*　　　　*

كىشى كۆڭلى ئەزىز بولمىش، ئەزىزلەپ بىر ناۋا كەلتۈر،
ناۋا كەلتۈر، يەنە دەردلىك كۆڭۈللەرگە داۋا كەلتۈر.
مۇقامىڭ ئەيلىگەي مەمنۇن، بىھوش ئەيلەپ تۇمەن دىلنى،
ئاۋازىڭدىن باھار سۇبھىسىدەك ئىللىق ھاۋا كەلتۈر.
زىلال سۇ قەدرىنى باغۇ چىمەندىن ئۆزگىسى بىلمەس،
سېنىڭ قەدرىڭنى بىلگەننى قەدىرلە، مىڭ ۋاپا كەلتۈر.
ئەجىرسىزگە قىيا باقماس بۇ ئالەم ھۆكمىدە ئامەت،
ھالال رىزقىڭ ئۈچۈن تەر تۆك، پايانسىز گۈل دالا كەلتۈر.
ساتارىڭ تارى چېللايدۇ ئىشىق قوۋمىنى چۆرەڭگە،
كۈيۈڭگە ئاشىنا گويا يېڭىڭغا دىلرەبا كەلتۈر.
چۆچۈپ ئويغانسا غاپىللار سۆيۈنگەيكىم ساڭا تەھقىق،
تېخى غەرق ئۇيقۇسىدا ياتقان گۈلۈڭگە بىر سابا كەلتۈر .

مېنىڭ مەي ئىچكىنىم ئىچكەن ساتارىڭدىن سادا ئۆچسە
مېنى بولمىسا ئۆلتۈرگۈڭ، ساتارىڭدىن سادا كەلتۈر.
گۈلۈمنى سېغىنىپ قالدىم، سابا ئۆچماي ھىدى كەلمەس،
تۇرارغا تاڭ مەھەل بولسۇن، ماڭا سەن بىر سابا كەلتۈر.

*　　　　　　*　　　　　　*

ئاھ، مېنىڭمۇ رەڭمۇ رەڭ گۈللەرنى قىسقۇم كېلىدۇ،
كېپىنەكلەر كەينىدىن گۈلزارغا ئۇچقۇم كېلىدۇ.
كىم تەبەسسۇم ئەيلىسە ئۆز يارى كەلگەندەك ماڭا،
مەنمۇ ياردەك ئاڭا گۈللەرنى تۇتقۇم كېلىدۇ.
بىۋاپالىق دەپ بىلىڭ قالغاننى ياردىن ئايرىلىپ،
ئايغا چىقسا يار، شۇڭا مەن بىللە چىققۇم كېلىدۇ.
قايدا تەلەي، ئەتىۋارى بولمىسا بۇ سۆيگۈنىڭ،
نە سەۋەب-ۋەجى ئۇنىڭ، يازماققا ئۇققۇم كېلىدۇ.

*　　　　　　*　　　　　　* 238

سەن چىرايلىق بولمىساڭ يۈرمەيتتى ھەر كىم كۆز سېلىپ،
تۈندە ماراپ تۈگۈلۈكىڭدىن، تەلمۈرۈپ كۈندۈز كېلىپ.
قانچە يازنىڭ ھۆسنىنى كەچكۈز شىلىپ كەتكەن بىلەن،
ئىقتىدارسىزدۇر سېنىڭ ھۆسنۈڭنى كەتمەككە ئېلىپ.
تەلتۆكۈسلۈكتە سېنىڭدەك قايسى زاتنىڭ بەختى بار،
بارچە گۈلنىڭ ئۆز چىرايى قالدى ئالدىڭدا چېنىپ.

مەن كەبى ئاشىق دىگەننىڭ خىسلىتى بىر باشقىدۇر،
بىر ئۆمۈردىن بىر سۆيۈشنى يۈرىدۇ ئەۋزەل بىلىپ.
بۇ جاھانغا داڭقى بار بۇلبۇل ساڭا خىزمەتتىدۇر،
باغلىرىڭغا كىرسە كىمكى تەس ئىرۇر چىقماس يىنىپ.
تاغلىرىڭغا قانچە رەت تاس قالدىغۇ تىل تەگكىلى،
كوچىلاردا يۈرگىنىمگە شۇ سەۋەب جىدەل تىرىپ.
ئالتۇنۇڭ بار بىھىساب، ئالتۇنغا سەن ھاجەت ئەمەس،
تەس سىنىڭ مەيلىڭنى ئالماق ئۆزگىلەر ئالتۇن بىرىپ.
ئايرىلىپ قالسام سىنىڭدىن گەر چۈشۈمدە بىر مىنۇت،
شۇ سەۋەبلىك، مەشۇقۇم، ئوڭۇمدا ئون ئاي مەن غىرىپ.
كىم سىنى مەندىن تالاشسا، شۇ قازانىڭ ئىلكىدە،
مەن قالۇرمەن سەن بىلەن مەڭگۈگە سازىمنى چىلىپ.
سەن چىرايلىق بولمساڭ، يوقتۇر ماڭا بۇ كۈنچىلىك،
دەتالاشلار ئىلكىدە پۈتمەس جىدەللەرگە قىلىپ.



* * *

كۈندە كۆكلەم بولسا دەيمەن، ئەسلا كەچكۈز بولمىسا،
بولسا ئىللىق يەر-جاھان، ھىچ يەردە قار-مۇز بولمىسا.
بىر كىلىپ كەتمەكنى دۇنياغا غەنىيمەت بىلگۈلۈك،
ئوينىساڭ تا ئۆلگىچە، ئارقاڭدا گەپ-سۆز بولمىسا؟!
بارچە ئىنسان بولسا باتۇر، بارچە ئەۋلاد پەھلىۋان،
زارلىمايتتىم مەيلى مەن يوللارمۇ تۈپتۈز بولمىسا.

بارچە ئادەم ئۆزىگە قىلسا قانائەتنى قانات،
يۈرسە ئىنسان خۇلقىدا، ھايۋانچە ئاچكۆز بولمىسا!
ئادىمىيلىكتۇر، يىگىت، ئىنسان ئۈچۈن لازىم خۇرۇچ،
قايدا لەززەت، قايدا تەم، ئەتكەندە ئاش تۇز بولمىسا؟
قۇچتى، دەيدۇ شائىرىلىق مەڭگۈ مۇھەببەتنى زەپەر،
بۇ جاھاندىن كەتكىچە ھېچ بەندە يالغۇز بولمىسا!
ئالتە بولسا ئاي ئەگەر ئالەمدە تۈن بولماس ئىدى،
ئاغرىنۇر ئۇ چاغدا كىم ئاسماندا يۇلتۇز بولمىسا؟
شۈكۈر قىل، كۆڭلۈم، ئەگەشمەي ئەرزىمەس ئارماننى سەن،
كىمنى خىللايتتىڭ ئەگەر ئالەمدە بىر ئۇز بولمىسا؟!

*　　　　*　　　　*

«ئات مىنىپ سەھراغا چىقساڭ قامچا دەستىڭ مەن بولاي،
بارچە ئەلنىڭ كۆزى سەندە، تىل تۇمارىڭ مەن بولاي».
تىل تۇمارىڭ ئاستىدا باردۇر سىنىڭ تىللا تىنىڭ،
ئۆزگىلەردىن ئۈز ئۈمىد، ئۆلگۈنچە يارىڭ مەن بولاي.
يازنى سىغىنساڭ، ئاياغىڭدا چىمەن مەندىن يەنە،
قىشنى سىغىنساڭ ئەگەر تاغلاردا ئاق قارىڭ بولاي.
سەن ئۈچۈن ھەقتۇر ماڭا نە بولمىقىم، نە قىلمىقىم،
خۇشلىقىڭغا جان پىدا، ئويناپ-كۈلەرىڭ مەن بولاي.
بىر تەبەسسۇم ئەيلىسەڭ تۈن ئايلىنۇر كۈندۈزگە ھەم،
تاڭدىكى بۇلبۇل بولۇپ خەندان ئۇرارىڭ مەن بولاي.

www.uyghurkitap.com

ئاشىقى بولماق ئۇلۇغ ئىش سەن كەبى بىر ياخشىنىڭ،
دۈشمىنىڭنى شۇ سەۋەب ئاسماقتا دارىڭ مەن بولاي.
ئەنسىرەيمەن ئەل كۆزىدىن، تىل دېگەن ئاندىن يامان،
ئاسىماقتا بارچە جۇتلاردىن چاكارىڭ مەن بولاي.
ئاڭلىدىم شەربەت ئىكەن، دەپ لەۋلىرىڭنىڭ داڭقىنى،
هەر سەهەر چاڭقاپ يەنە شەربەت خۇمارىڭ مەن بولاي.
سايە-سالقىن ساڭا هاجەت بولسا، ئىزدەپ تاپ مېنى،
گۈل- گىياهلاردا هەسەت قوزغاپ، چىنارىڭ مەن بولاي.
ئالما، ئەنجۈرمۇ سېنىڭ ناندەك نېسىۋەڭدۇر هالال،
خالىساڭ شاخلار ئېگىپ ئۈزسەڭ ئانارىڭ مەن بولاي.
ياكى ئايەت، يا ئۆلۈم ئايرىپ مېنىڭدىن بىمەهەل،
قىلسا تۇتقۇن گەر سېنى قاقشاپ قالارىڭ مەن بولاي.
ئازدۇرۇپ دۈشمەن سېنى، كەتسەڭ شاياتۇن كەينىدىن،
مەيلى سەۋدايى دېگىن، ئىزدەپ بارارىڭ مەن بولاي.



* * *

«سەن چىمەنىنىڭ گۈلى بولساڭ، مەن چىمەنىنىڭ بۇلبۇلى،
سەن چىرايىڭغا ئىشەنسەڭ، مەن خۇدايىمنىڭ قۇلى»
كىم كىبىرنىڭ تۆرىگە چىقسا، دېمەك، ئاقىل ئەمەس،
تۆر ئەمەس، پەگادا چۈنكى، ئەسلي ئاقىلنىڭ يولى.
تۆگە مىنگەنلەر ئۆزىنى ئويلىشۇر كۆككە يېقىن،
كۈندە مىڭ سۇنغان بىلەن ئاسمانغا يەتمەيدۇ قولى.

مەن ئۆزۆمنى تاشلىغانمەن شۇ سەۋەب كۆپ ئىلكىگە،
ئەلمىساقتىن چۆنكى، شۇ ئىنسانچە ياشاشنىڭ يولى.
بار ئېرۆر سەندىن گۆزەللەر، بۇ جاھان بىر تىلسمات،
بولمىسا ئەقلىڭ ئەگەر، بولمايدۇ ئۇزلۇقنىڭ رولى.
تاڭلا بەلكىم، تەقدىرىڭ تەتۆر پەلەكنىڭ چاقىدا،
كەتسە تەلەي بىر يولى توزۆيدۇ زەردارنىڭ پۆلى.
بۇ ئۆمۆردە يول ئۇزاق، بولماس كىبىرنى مىنگىلى،
جىم بولارسەن بىر كۆنى كەتسە چىرايىڭنىڭ خۆنى.
مەن كەبى بىچارىگە باردۇر تېخى ھال ئېيتمىقىڭ،
كىيگىنىڭ چۆنكى، سىنىڭ ئەلۋەتتە شەيتانىنىڭ تونى.
كۆپتىن ئايرىلغان كۆڭۆل بىر كۆنمۇ خاتىرجەم ئەمەس،
سەن جامالىڭغا ئىشەنسەڭمۇ بىلىپ قويغىن شۇنى.

*　　　　　　*　　　　　　*

قايسى كۆن كۆردۆم سېنى بولدۇم بالانىڭ تۇتقۆنى،
مېنى قويغان بۇ بالاغا، يار، ئۇتۇڭنىڭ ئۇچقۇنى.
ئۇچرىسام ئۆلمەمدىمەن يالقۇنلىرىڭنىڭ تەپتىدىن،
بەلكى، چىنپۆتمەيدۇ ئەل كەلگەندە ۋەجىنى ئۇقىلى.
كۆن چىقار ئويناپ پەقەت بىر سەن ئۆچۆن-بىر سەن ئۆچۆن،
ئايمۇ چىققاندۇ سېنى ھەر تۆندە ئاشنا تۇتقىلى.
بۇ جاھانىنىڭ راھىتى مەڭگۆ ئۆزۆڭ بار جايدىدۇر،
ھەقىچان سەنمۇ گۆزەللىكتە سەنەمنىڭ تۇغقىنى.

سىنى ئىزدەپ چىقمىقىم، يارىم، مىنىڭ ئاسان ئەمەس،
كىردى تاۋۇكاغا تالاي كۆڭلۈمنى كۆڭلۈم ئۇتقىلى.
ئىككى دۇنيالىق ئىشقىتا قان يۇتۇپ ئۆلمەمدىمەن،
ئاڭلىسام تەمشەلگىنىڭنى ئۆزگە باغقا ئۇچقىلى.
جان قوشۇلدى بىر جىسمىغا گۈل بويۇڭنى ھىدلىسام،
قايدا بولغاي سەنچە گۈل ئالەمدە ھەركىم قىسقىلى.
نەقىلۇر سەن بولمىغان مەنزىلدە بايلىق، دىلبىرىم،
بولسىمۇ ئالتۇن ئەگەر ھەتتا ئىتەكلەپ ئۇسقىلى.

* * *

بارچە ئەل كىرگەن چۈشۈمگە، يار، ئەجەب سەن كىرمىدىڭ،
يا ئىسىڭگە ئالمىدىڭ، ياكى كۆزۈڭگە ئىلمىدىڭ.
ئەتىمالىم كۆرمىگەندە مەن سىنىڭ كۆڭلۈڭدە يوق،
كۆرمىگەچكە دەرد-ئەلەم قەدرىمنى ياكى بىلمىدىڭ.
چۈشكە ئايلانماسمىدى بولسا سىنىڭدە سېغىنىش،
قايدا بولدۇڭ شۇ كېچە كىمنى يېنىڭغا چىللىدىڭ؟
كۈنچىلىككە مۈپتىلا قىلدىڭ مىنى كەلمەي يۈرۈپ،
سۆز-چۆچەكلەردىن مىنى شۇڭلاشقا خالىي قىلمىدىڭ.
يات خىياللاردا يۈرۈپ كۆڭلۈڭ بۇزۇلدى، ئېھتىمال،
مەن تۇرۇپ بەلكىم يەنە ياتتىم قەدىردان خىللىدىڭ.
بارچە ئەل كىردى چۈشۈمگە، زەپ سىنىڭ سايەڭمۇ يوق،
دۈشمىنىمنىڭ ئالدىدا بەلكىم مىنى سەت تىللىدىڭ.

ئۈيغىنىپ كەتتىم چۆچۈپ مەن، شۇ تۈپەيلىڭ قانچە رەت،
ئىزدىسەڭمۇ ئىزدىگەنسەن، ئەمما يالغان ئىزدىدىڭ.

*                    *                    *

«قۇرغۇيۇم ئۈچتى قولۇمدىن، قايدا مېھماندۇر بۈگۈن،
دەخلى بەرمەڭلار ئاڭا، كۆڭلى پەرىشاندۇر بۈگۈن».
يار پەرىشان بولسا مەن قانداقمۇ قايغۇرماي تۇراي،
نەنى ئىزدەي؟ مەنزىلىم شۇڭلاشقا ھەرياندۇر بۈگۈن.
يار قارارگاھى قايان، يا غەيرىدىن ئايغاقچى يوق،
يار ئۈچۈن يالغۇز جېنىم ھەركىمگە ئېھساندۇر بۈگۈن.
دوزىخىدۇر دەخلى بەرگەنلەر ئاڭا مەھشەر كۈنى،
ياق، قىيامەت بولمايتتىمۇ ۋەسلى ۋەيراندۇر بۈگۈن.
قايدا بارسا مەيلىكىم، بولماس لېكىن خۇش قايتمىسا،
يار پەرىشان بولسا مەنچۈن مىسلى ھىجراندۇر بۈگۈن.
ئەھلى ئاشىق قايغۇرامدۇ يارى مىسكىن بولمىسا،
قۇرغۇيۇم ئۈچتى قولۇمدىن، بىر يېنىم كەمدۇر بۈگۈن.
بىر ئۆزۈمدىن باشقىلار بىلمەس نىگارىم دەردىنى،
شۇنى بىلمەسلىك ئۆزى ئاشىققا نۇقساندۇر بۈگۈن.
كۆڭلى سۇ ئىچمەي پەلەكتىن كەلگىنى راستتۇر ئۈنىڭ،
شائىرىڭ تۇتقان قەلەمدە دەردى داستاندۇر بۈگۈن.

*                    *                    *

«كەتتى يار كۆڭلى قارا ، كېتەمسەن يارىم دېمىدىم،
ئالدىغا مەن چاي قويۇپ، ئىچەمسەن يارىم دېمىدىم».
قېيدىساڭ قېيدا ماڭا، ئالدىڭدا يوق تىل قىسلىقىم،
قانچە قىشلار بولسىمۇ كەلمەس باھارىم، دېمىدىم.
ئاڭلىسام، رەنجىپتۇ كۆڭلۈڭ ئۆزگىگە كۆز سالدى دەپ،
ئۆز بېغىمنىڭ سىرتىدا باردۇر ئانارىم، دېمىدىم.
كىمدىن ئۇقتۇڭ شۇ ئۆسەكلەرنى، ماڭا بىر ئېيتقىنا،
ئىككىمىزدىن ئۆزگىنى دۇتارغا تارىم، دېمىدىم.
چاي قويۇش يار ئالدىغا ئەھلى گۇناھكارنىڭ ئىشى،
چۈنكى، خەقنىڭ يارىنى دۇردۇن-تاۋارىم، دېمىدىم.
يار ئەمەس، كۆڭلى قارا، ئۇ كەتتى بەلكى كۆڭلى غەش،
ئۇ بارار جايىنى يەنە مەنزىل-قارارىم، دېمىدىم.

* * *

«ئاھ ئۇرارمەن، ئاھ ئۇرارمەن، ئاھلىرىم تۇتقاي سېنى،
كۆز يېشىم دەريا بولۇپ، بېلىقلىرىم يۇتقاي سېنى».
كۈندۈزى كۈن، تۈندە ئاي قىسمەتلىرىمنىڭ شاھىدى،
يەتتە ئىقلىم، يەتتە يۇلتۇزدىن سوراپ ئۇققاي سېنى.
كوچىدا «ئۇر-ئۇر» غا قالغان نەسلى جۇت چاشقان كەبى،
پارچە دەردمەنلەر كېلىپ بىر-بىر ئۇرۇپ چىققاي سېنى.
بۇ جاھاندىن گەر كېتەر بولساڭ تۈگەل راھەت بىلەن،
يەر، ئىلاھىم، قوينىغا ئالغان كۈنى سىققاي سېنى.

245

*　　　*　　　*

قالدى ئۆمرۈڭ قانچىلىك، بولغايمۇ ئويلاپ قويمىساڭ،
پەنجىرەمنى بىر كېلىپ بولغايمۇ بويلاپ قويمىساڭ؟
بار ئەمەسمۇ ئۆز يولى، ئىخلاس ئىبادەتنىڭمۇ ھەم،
بىر كېلىپ دۇنياغا سەن، بولغايمۇ ئويناپ قويمىساڭ؟
ئەھلى غاپىلمەن، گۇناھىم كۆپ مېنىڭ بۇ ئۇيقۇدا،
تەس مېنىڭ ئويغانمىقىم ھەر تاڭدا تووۋلاپ قويمىساڭ؟!
دەيدۇ دانالار: ۋاپا نامەردتە نە قىلسۇن يەنە،
ئوينىساڭ ئوينا،لېكىن، سۆيگۈڭنى قىيناپ قويمىساڭ.
يوق، گۈلۈم، كىرگۈم مېنىڭ باشلاپ سېنى تار كوچىغا،
قايدا بولساڭ شۇندىمەن، ئىشقىمنى خورلاپ قويمىساڭ.
رەنجىمە دەۋەتلىرىمدىن، سۆزى چەكتىن ئاشتى،دەپ،
ئوينىمايدۇ بەزىلەر ئۇسسۇلغا زورلاپ قويمىساڭ!

*　　　*　　　*

246

«ئاقمۇ ئايدىڭ كېچىلەر، ئاپئاقمۇ ئايدىڭ كېچىلەر،
گۈل بىلەن رەيھان پۇرايدۇ يارىم ماڭغان كوچىلار».
ئالدىدا بۇ كوچىنىڭ ھەيۋەت شەھەرلەر نە ئىمىش،
چۈنكى، بۇ يارنىڭ ھىدى بالدۇر تارالغان كوچىلار.
ئەمدى يەتتىم قەدرىگە، ئۇقسام ئىزىمدىن شۇ ئىكەن،
ياشلىقىمنى مەن بىھوش يۇرگەندە ئالغان كوچىلار.

ناخشا ئېيتسام ھاۋشغان ئىتلارمۇ يادىمدا تېخى،
بەزىدە كۆندەشلىرىم ھەسرەتتە قالغان كوچىلار.
كۆندە بىر رەت ئۆتمىسەم يارىم ئەگەر، تەشۋىشتىمەن،
مېنى يارىنىڭ ۋەسلىدىن تەشۋىشكە سالغان كوچىلار.
تۈننى يارىم يورىتار تاڭ ئاتقىچە ئاي چىقمىسا،
بۇ، شۇڭا تۈنلەردىمۇ ئايدىڭ سانالغان كوچىلار.
ياخشىلارنىڭ ئىزلىرى بار، گاھ يامانىنىڭ غەلۋىسى،
ئەھلى دەردمەن دەردىنى كۆز ياشتا يازغان كوچىلار.
مەيلى ئاشىق، مەيلى مەشۇق، بارچىگە تار كەلمىگەن.
ئۆتسە جۈپلەر، كەينىدىن تويغا تارانغان كوچىلار.

* * *

ھەر گىياھ ئۈندى: ئانا يەگىلىغ قۇچاقلاپ سۆي، دېدى،
ياكى يارىڭ مەن بولاي، ئىشقىڭغا باغلاپ سۆي، دېدى.
بىر ۋەھىي كەلدى ئەقلىدىن، ئاتتى تەنتەكلىككە ئوق،
بار گىياھلاردا تىكەن، سۆيسەڭ ئاۋايلاپ سۆي، دېدى.
مەيلى قونساڭ قايسى شاخقا، باغ سېنىڭ ئىلكىڭدىدۇر،
ئايلىنىپ كاككۇكقا ياكى تاغدا سايراپ سۆي، دېدى.
بۇ ئانا تۇپراقتىن ئۆزگە بىز ئۈچۈن نە بار ئەزىز،
جان چىقار ھالەتتە گەر ياتساڭمۇ يايراپ سۆي، دېدى.
بارچە ئاشىقلار سېنىڭ ئىشقىڭغا ھەيران ئەيلىسۇن،

بارچە مەشۇقلارنى شۇ ئىشقىڭدا قايناپ سۆي، دېدى.
تاللىماق بولساڭ ئەگەر مەيلىڭنى ئالغانلار ئارا،
ئەڭ قەدىردانىڭ بىلىپ، دېھقاننى تاللاپ سۆي، دېدى.
تاغ تەكەببۇرلار ئۈچۈن ئۆرنەك ئەمەس، ھەم سۆي ئۇنى،
چۆلنىمۇ كەلگۈن كەبى مېھرىڭدە يامراپ سۆي، دېدى.
بۇ ۋەتەندە بارچە نېمەت سۆيگۈنى سەندىن ئالۇر،
ياخشىلارنى ئەڭ ئاۋۋال ئالەمگە داڭلاپ سۆي، دېدى.
سەن تۆرۈپتۇر، مەشۇقۇم، ئاۋۋال ئانامنى بىر سۆيەي،
ئانىلار ھەقلىق ئاكا، ئەمما ھالاللاپ سۆي، دېدى.
كىمنى سۆيسەڭ سۆي، لېكىن يالغان سۆيۈشتىن نېرى بول،
سەن ئۆزۈڭنى شام ئۈچۈن پەرۋانە چاغلاپ سۆي، دېدى.

* * *

ھەر كۆڭۈلدە بىر خىيال بار، ھەر كۆڭۈل ئوخشاش ئەمەس،
شۇندىمۇ ئىنسان تىلەكى ھېچقاچان كۆزياش ئەمەس.
ھەر تىلەكتە بىر گۈزەللىك، تەكتى بىر جەننەت ئۇنىڭ،
ئەسلىي چىن ئىنسان تىلەكى بىر ئۆزى ياشناش ئەمەس.
يوق مېنىڭ كۆز يۇمغىنىم دائىم خۇشاللار قوۋمىگە،
بارچە مەخلۇققا ھايات، تەھقىق، تامام قاقشاش ئەمەس.
باش ئاقارمىش بىمەھەل چۈشكەن قىرونىڭ دەستىدىن،
قايرىلىپ تاغلارغا باق، تاغ بىسەۋەب ئاقباش ئەمەس.
مەن بولاي يامغۇرلۇقىڭ ياغقاندا يامغۇر، دىلبىرىم، 248

سەنمۇ، ئەلۋەتتە، گىياھ ئۈنمەس قۇرۇق تاغ-تاش ئەمەس.
بالىلىق قالدى ئۇزاقتا، مەن نىكەم «خوش!» ئېيتقىلى،
ئەنسىرەپ يۈرمەككە ئەمدى ئاشىقلىق بەگۋاش ئەمەس.
دوستلىرىڭ ئۆتمەس سىناقتىن بىر قازاندا قاينىماي،
كۆڭلىدە ئون كەلگەن بىلەنمۇ بەرىبىر سىرداش ئەمەس.
ئەھلى ئۈلپەت ئىزدىگەندە ياخشىسى تەگتۈشنى تاپ،
دۆڭ بولالماس تاغقا تەگتۈش، ئاتقا تاي قۇرداش ئەمەس.
ياخشىلارنى ياخشى قىلغان ئەسلىدە دىل-قەلبىدۇر،
مەھلىيا قىلغان كىشىنى ئەكسىچە كۆز، قاش ئەمەس.
بەك ئۇلۇغ ئىنسان تىلەكى، مەن ئەبەد ھۆرمەتتىمەن،
چۈنكى، ئۇ تۆت تال چىلان، يا بىر قاچا چۆپ ئاش ئەمەس.

*　　　*　　　*

سەن مېنى ئالقىشلىما، ئالقىشقا ئەجرىم كەم تېخى،
تىككىنىم تۆت تال كۆچەت ۋە سوققىنىم بىر تام تېخى،
سۆيگىنى راستتۇر ۋەتەننىڭ مېنى تەر، دۇر تۆكتى، دەپ،
بۇ مېنىڭ شائىرلىقىممۇ ئەرزىمەس بىر نام تېخى.
دوستلىرىم ئايلاندى ئاي، چولپانغا بۇ ئەل كۆزىدە،
تەستە پىلدىرلاپ يېنىپ تۇرغان ئۆزۈم بىر شام تېخى.
تۆرگە چىقماققا مېنىڭ تۆھپەم نېمە، ھەققىم نېمە؟
بولغىنىم يوق بەرگىدەك ھېچكىمگە نەپ-ئىنئام تېخى.
تۆكمە بولغان ئاق ئۆرۈكتەك بولمىقىم ئاسان ئەمەس،

شاخلىرىمدا كۆك غورادۇر، چىشلىمەك توك-خام تېخى.
مەن ۋىسالغا يەتكۈچە بولسا قىيامەت، نە ئېتەي،
لەۋلىرىڭدىن مەي، گۈلۈم، ئىچكەنلىرىم بىرجام تېخى.
پەستە تۇرسامۇ تالايلاردىن، كۆزۈم تاغلاردىدۇر،
ھەر قەلبكە سالغىلى ھەتتاكى ئەلئىبھرام تېخى.
كېمە سالدىم يېڭىۋاشتىن، مەن ئىشەنچ دەرياسىغا،
بار ۋۇجۇدۇمدا يەنە داستانغا زور ئىلھام تېخى.

*　　　　*　　　　*

قايسى بوستاندىن كېچەيمەن، قايسى گۈلشەننى كۆرۈپ،
قالسا بىر چەتتە ھەسەل، بولغايمۇ گۈلقەننى كۆرۈپ؟
بىر-بىرىڭدىن ئۇز يارالدىڭ، بىر-بىرىڭدىن ئەتىۋار،
ئاينىماقلىق ھەقمىدۇر رۇخسارى ئەبزەلنى كۆرۈپ.
كېپىنەك كۆڭلى چىمەندە ئەتىۋار مېھمان ئېرۇر،
ئازدى گۈللەر تۆت مىنۇت كۆڭلىنى بەرگەننى كۆرۈپ.
بۇيرىماس بولدۇم ئەيىبكە ياغمىغان يامغۇرنىمۇ،
تاغدا قارىغاي ياپيېشىل قىش-ياز كۆكەرگەننى كۆرۈپ.
كەلدى بولغۇم بىر ئېقىن، مەڭگۈ دالالار مەنزىلىم،
ھەر باھار ساي-سايدا سۇ غەليان كۆتۈرگەننى كۆرۈپ.
شۈكرى، نەپىسىم ۋەجىدىن ھەرقانچە ئازسامۇ يەنە،
ئۆز سۆيۈمدىن كەچمىدىم يات ئەلدە زەم-زەمنى كۆرۈپ.
تار دېمەي، قىستاڭ دېمەي كوچاڭدا ماڭدىم، يار، سېنىڭ،

كۆلمىدىم ئاتتىن يىقىلغانلارغا كۈلگەننى كۆرۈپ.
«ئالدىراپ بەرگەن كۆڭۈلنىڭ ئەتىۋارى يوق» تۇرۇپ،
ئەقلىدىن ئازدى نادان يالغان سۆيۈنگەننى كۆرۈپ.
بۇ ھايات دۇنياسىدا ھەرخىل ئىزنىقماق يوق ئەمەس،
شۇڭا شەيتان شاد ئىرۇر ئىنسان كۆرۈنگەننى كۆرۈپ.
ئاقتى ئاغزىمدىن مېنىڭمۇ، راست، تالاي شۆلگەيلىرىم،
تاپقىچە ئەقلىمنى، جان ئالغۇر گۈزەللەرنى كۆرۈپ.

* * *

سەن ياسانماققا تۈيۈقسىز مەھلىيا بولدۇڭ ئەجەب.
كىم ياسانسا، سەن ئاڭا دوستلۇقتا قول سۇندۇڭ ئەجەب.
بۇ جاھاننىڭ قىزىقى، سىڭلىم، ساڭا شۇ بولدىمۇ،
كۆنمىگەن ئەسلا ئاناڭ، بىر يولغا سەن كۆندۈڭ ئەجەب؟
مەكتىپىڭدىن ساق چىقىپ، مەست قايتقىنىڭمۇ ئاز ئەمەس،
دەۋرىمىزگە بىر تىكەن، يانتاق بولۇپ ئۈندۈڭ ئەجەب.
كەلدى غالىب خىزمىتىڭدىن رېستورانلار قىزىقى،
شۇ سەۋەبلىك گەپلىرىمگە، ئېھتىمال، كۈلدۈڭ ئەجەب.
ئۆيىنىغانچە خوپ ئۆگەندىڭ تۈندە ھەم خىلۋەتكىمۇ،
يات بىراۋلار قويىنىدا قورۇنمىدىڭ-قوندۇڭ ئەجەب.
زەپ غەلەت بىر كوپتا كەيدىڭ، كىندىكىڭ قالدى ئوچۇق.
يالىڭاچ بولمامدۇ يۈرسەڭ؟ دەپ پىكىر قويدۇڭ ئەجەب.
مودىكەشلىككە ئۆگەندىڭ يۈرتىمىزدا ئەڭ ئاۋۋال،

سەن ئۆزۈڭنى مودىغا پەرۋانىدەك ئۇردۇڭ ئەجەب!
بىلمىدىڭ، چۈلغاپتۇ بىر روھىڭنى چۈشكۈنلۈك سېنىڭ،
بىر كىتاب كۆرمەي تۇرۇپ سەن بىمەھەل سۇلدۇڭ ئەجەب؟!

*　　　　*　　　　*

بارچە جۈپلەر، ئۆيگە غەشلىك چاچمىغايسىز ھەركۈنى،
ھەر كۆڭۈل سۆيگەن چىمەندەك ياشنىغايسىز ھەركۈنى.
قەلبىڭىزنىڭ قات-قېتى پەرزەنت ئوتىدا چوغ ھامان،
ھەر سۆيۈشتىن مىڭ ھۇزۇردا يايرىغايسىز ھەركۈنى.
چويلىڭىزدا كۈندە لەگمەن سويلىسۇن سىڭلىم يەنە،
ئاچ-زېرىنلىقتىن پەقەت گەپ ئاچمىغايسىز ھەر كۈنى.
ئۆزى ئالتۇنلار ئۈچۈن ئالتۇن ئۈزۈكلەر نە كېرەك،
سىزدە ئالتۇن بولمىسا، ئۇھ تارتمىغايسىز ھەركۈنى.
ئۆي ئاسايىشلىقى خۇشتار، دىل تەبەسسۇمغا يەنە،
شۇ ھايات مىزانىدۇركى، قايمىغايسىز ھەركۈنى.
چاقچىقىغاندا خۇددى شەربەت ياخشىلارنىڭ سۆھبىتى،
ئەھلى ئاقىللارنى ئۆيگە باشلىغايسىز ھەر كۈنى.
نەپسىڭىزنىڭ كەينىدە قۇتراشنى نەسلىك دەپ بىلىڭ،
بۇلغىنىپ ئەگرىزدە ھەرگىز ئاقمىغايسىز ھەركۈنى.
ئايلىنىپ مەيلى قازانغا كۈن بويى قايناپ تۇرۇڭ،
مەيلى قايناڭ مەڭگۈ، ئەمما تاشمىغايسىز ھەركۈنى.

*                    *                    *

بۇ ئەجەلنىڭ سىرتىدا قالغان كىشىنى كۆرمىدۇق،
باقىي دۇنياغا بېرىپ يانغان كىشىنى كۆرمىدۇق.
خوپ ئىدى بولسا ئايان مىڭ يىل ياشاشنىڭ تەدبىرى،
ياكى لوقماندىن ئۇچۇر ئالغان كىشىنى كۆرمىدۇق.
چاڭقىغانلار بۇ جاھاندىن كەتتىغۇ چاڭقاق پېتى،
يەپ-ئىچىپ،ئويناپ،لېكىن قانغان كىشىنى كۆرمىدۇق.
چەتتە قالدى كىم ئىشىق غوۋغاسىدىن ئۆز ئۆمرىدە،
بۇ مۇھەببەتتىن، دېمەك، تانغان كىشىنى كۆرمىدۇق.
قانچىلار ئاتتىن يىقىلدى، قالدى بۇ يولدا ياياق،
بۇ ئۆمۈرگە قايتا ئات سالغان كىشىنى كۆرمىدۇق.
كىم دۇتار ئالسا قولىغا چالدى «يار-يار»غا ئاۋۋال،
«ئانىجان» غا ئەڭ ئاۋۋال چالغان كىشىنى كۆرمىدۇق.
بالىلار بەختى ئۇچۇن، بەردۇق جىمىنى تەل قىلىپ،
ئانىلارغا ئەسلا قاق يايغان كىشىنى كۆرمىدۇق.
ئاتىلار كەتكەندە يەتتى قەدرىگە پەرزەنت بۆۋەك،
بارىدا بىر تال كۆتەك يارغان كىشىنى كۆرمىدۇق.



*                    *                    *

بۇ ھايات زوقىدا، دوستۇم، بارچە ئىنسان ئالدىراش،
قالدى ساھىبخان رەنجىپ، چوڭكى، مېھمان ئالدىراش.
بىرلىرى ئۆزى ئۇچۇن بولدى پىدائىي بىر ئۆمۈر،

ئەكسىچە، ئەل ئالدىراپ يۈرگەنگە يالغان ئالدىراش.
ھەر كىشىدە بىر ھەۋەس سۆرەيدۇ ھەر ياققا ئۇنى،
قىز جۇۋانلار گاھ يۈرەر، ئاسماققا مارجان ئالدىراش.
ئالدىراتقاندۇر ھايات، بەلكىم ياسانماققا ئۇنى،
يەرگە چۈشكەندە ئۈنۈپ چىقماققا ھەر دان ئالدىراش.
دوپپىسى كەتسە چۈشۈپ، ئالماققا ھەتتا ۋاقتى يوق،
يۇرتىمىزدا بارچىدىن كۆكلەمدە دېھقان ئالدىراش.
ئەتىكى ئىقبال ئۈچۈن ئەسقاتمىغانلار ئەسكىدۇر،
بۇ ھايات ئاۋات ئىكەن بولغاچقا ھەرجان ئالدىراش.

* * *

ناخشا ئېيت، دوستۇم، پېقىر بىردەم جاھاننى ئۇنتۇسۇن،
مەيلى جانان ھۇجرىسى، مەيلى تائامنى ئۇنتۇسۇن.
توختىسۇن مەيلى قەلەمدىن قوللىرىم ئۇشبۇ كېچە،
ئەھلى مېھمان جەم بولۇپ، «كوت-كوت» پاراكنى ئۇنتۇسۇن.
باغدا بۇلبۇل ناخشىدىن ئەرزىيدۇ بىردەم توختىسا،
تىڭشىسۇن دېھقان كېلىپ، مەيلى خاماننى ئۇنتۇسۇن.
مەيلى جىسمىم كەتسە ئېرىپ سەندىكى نۇسرەت بىلەن،
مەست بولۇپ روھىم جىمى ياخشى-ياماننى ئۇنتۇسۇن.
يەپ-ئىچىپ ئۇخلاش دېگەن مىزانىدۇر ئىت قوۋمىنىڭ،
ناخشا-سازى بولمىغان ئۇنداق ئارامنى ئۇنتۇسۇن.
سەن ئۆزۈڭ بەرگەن ھۇزۇردىن دىلدا غەم-قايغۇ ھالاك،

مويسىپىتلەر، رەنجىمەڭ، مەيلى سالامنى ئۇنتۇسۇن.
ناخشا ئېيىت، دوستۇم، ياشارغاي مەندىكى دەردمەن كۆڭۈل،
گەپ-سۆزۈمنى ئالمىغان بەڭۋاش بالامنى ئۇنتۇسۇن.
چال دۇتارىڭنى سېنىڭدىن ئايرىلىپ قالماي يەنە،
بىرنى ئىككى قىلغىنى باققان كالامنى ئۇنتۇسۇن.

* * *

توۋا دەيمەن، يازنى كۆرسەم ياز چىراي بولغۇم كېلۇر،
ياز بويى باغۇ چىمەندە ئوينىغۇم-قونغۇم كېلۇر.
كۈلۈشۈپ سۈلار ئېقىشقان تۈنلىرى ئاندىن گۈزەل،
تەلمۈرۈپ باقسا، شۇ باغدىن ئايغا سۇ سۇنغۇم كېلۇر.
مەندە بار سەۋەن-گۇناھلار قانچە رەت نان ئىلغىغان،
شۇ گۇناھلارنى تومۇزدا تەر تۆكۈپ يۇيغۇم كېلۇر.
نە ئېتەي، كەلسە قولۇمدىن كېپىنەككە ئايلىنىش،
بارچە گۈللەر مەڭزىگە بىر-بىر سۆيۈپ قويغۇم كېلۇر.
چۈشتى ئەسكە چالغا چالىپ بېدە چاپقان چاغلىرىم،
يوق ئىكەن ياشلىقتا يانماق، شۇڭا، ئاھ ئۇرغۇم كېلۇر.
يازنى سۆيمەكنىڭ يولىدۇر ئۇخلىماس بۇلبۇل بولۇش،
بولغىلى بۇلبۇلغا جور باغلارنى ئاختۇرغۇم كېلۇر.
نەگە باقسام ياپيېشىللىق ياز يۈرەكنىڭ يايلىقى،
قىر بويىدىن ھەر سەھەر ئۆچكەمگە چۆپ يۇلغۇم كېلۇر.
مەيلى مەن سولسام سولاي، دېھقان چىرايى سولمىسۇن،

ھەر ئېتىزنى ئۇ ئۆچۈن ھەر تۈن كۆزەت قىلغۇم كېلۇر.

*　　　*　　　*

مەن ساڭا ئاشىق بولۇپ قالغانلىقىممۇ تەلىيىم،
ساقلىقىڭدىن بىر ئۆچۈر ئالغانلىقىممۇ تەلىيىم.
ئاڭلىغانسەن، ئەلمىساقتىن مەن دۇتارسىز يۈرمىدىم،
سېتى قوشاققا قېتىپ چالغانلىقىممۇ تەلىيىم.
كەتتى كەلكۈندە كۆۋرۈك سەندىن خەۋەر ئالغان كۈنى،
سەن ئۆچۈن دەرياغا ئات سالغانلىقىممۇ تەلىيىم.
ئات، ئېگەر دەريادا ئاقتى، مەن تىرىك چىقتىم يەنە،
شۇ پېتى ئالدىڭغا مەن بارغانلىقىممۇ تەلىيىم.
مەيلى كىملەر كەلسە كەلسۇن، بۇ ئىشقىنىڭ ھېكمىتى،
ئاي يۈزۈڭنى بىر كۆرۈپ يانغانلىرىممۇ تەلىيىم.
مەندە تاقەت پۈتتى يارىم، مەيلى يازدا كەلمىسە،
قىشتا كەلگەي، دەپ ئۆتۈن يارغانلىرىممۇ تەلىيىم.
ئاشىقلىق بولماق سېنىڭ دۇنيادا چوڭ شۆھرەت ماڭا،
يوللىرىڭغا سۇ سېپىپ ھارغانلىرىممۇ تەلىيىم.
سەن تىرىك بولساڭ قاچان، مەنمۇ تىرىك شۇ چاغقىچە،
كەلمىسەڭ، ھەر ئايدا خەت يازغانلىرىممۇ تەلىيىم.

*　　　*　　　*

كۆكتە ئۆچسام قۇش بولۇپ، يارىم ئۆچۈردى، دەپ يۈرەي،

قوْي قولۇڭدا بىر قەدەھ، يارىم ئىچۇردى دەپ يۇرەي.
يولدا ياتسام مەست بولۇپ ئاشىقتا بەلكىم يوق ئەيىب،
تىللىغانلارغا ئاۋۋال يارىم كەچۇردى، دەپ يۇرەي.
كەتسىمۇ جىسمىڭغا ئوت سەن زەپ تىرىك قاپسەنغۇ؟ دەپ،
سورىغانلارغا ئۇنى يارىم ئۆچۇردى دەپ يۇرەي.
ئىختىيار قىلساڭ ماڭا، تىنىمادۇ ئاخىر بۇ كۆڭۈل،
ئىشلىرىمنى پۈتمىگەن يارىم پۈتكۈزدى، دەپ يۇرەي.

*			*			*

سەن گۆھەرنىڭ زاتىسەن، ئالدىڭدا دۇر-زەرلەر بىكار،
ئېرىدى ئالتۇن ئوتۇڭدا، بولدى زەرگەرلەر بىكار.
تۇندە كىرسەڭ ئۆي يورۇيدۇ كۈن كەبى ھۆسنۈڭ بىلەن،
ئۇزلۇقۇڭنىڭ ئالدىدا ئاي،كۈنچە دىلبەرلەر بىكار.
سەلتەنەتلىك سەھنە گويا سەن كۆرۈنگەن بارچە جاي،
مەيلى باغ، مەيلى ئېتىز ئالدىدا مۇنبەرلەر بىكار.
257 سۆزدە دانىشمەنلىكىڭدىن بىر كۆيۈك مىڭ بولدىغۇ،
سەن زۇۋان سۈرگەندە قالدى، بارچە رەھبەرلەر بىكار.
جۈپ كۆزۈڭدە بار ئىكەن چاقناش دېگەننىڭ ئۆرنىكى،
چاندى چاقناپ، بولدى ھەم ئاسماندا ئەختەرلەر بىكار.
بىللە بولسام سەن بىلەن باتۇرلۇقۇمدا شۈبھە يوق،
كەلسە كەلسۇن لەك-تۈمەن ئالدىمدا لەشكەرلەر بىكار.
ئىچمىسەم شەربەت لىۋىڭدىن قانغۇچە بۇ پانىيدا،

ئىچكىلى ئۆلگەندە مەن جەننەتتە كەۋسەرلەر بىكار.
شۇ مۇھەببەت ۋەجىدىن كۆڭۈلۈم جىمى مۇشكۇلگە مەن،
چۈنكى، سۆيگۈ ئالدىدا ھەر قانچە قەيسەرلەر بىكار.

*　　　　　　*　　　　　　*

بۇ ئىشقتىن ياكى قۇل ۋە ياكى خان خالىي ئەمەس،
مەيلى ئاجىز، مەيلى باتۇر، قەھرىمان خالىي ئەمەس.
بىر ئەزىم دەريا ئېرۇركى بۇ مۇھەببەت، بۇ ئىشق،
ياخشىلارمۇ ئاقتى ئۇندا، ھەم يامان خالىي ئەمەس.
بۇ باھارمۇ قارلىغاچ كەپتۇ يەنە جۈپتى بىلەن،
بۇ مۇھەببەتتىن، دېمەككى، بارچە جان خالىي ئەمەس.
بۇ كۆرەكتىن ئۆتمىگەننى كۆرمىدى ھېچكىم تېخى،
تاللىماس ئاقىلنى ئۇ، ھەتتا نادان خالىي ئەمەس.
بارچىدىن كۆپ بۇ جاھاندا شۇ ئىشقنىڭ ناخشىسى،
مەيلى كارۋان مەنزىلى، مەيلى خامان خالىي ئەمەس.
توختىماي كەلدۇق ئۇقۇپ داستانلىرىنى بىر ئۆمۈر،
قىسسىلەردىن بۇ كەبى پۈتكۈل جاھان خالىي ئەمەس،
ئەلمىساقتىن ئەل گۇۋاھ، سۆزلەپ تۇرار تارىخ تىلى،
بۇ ئىشق غوۋغاسىدىن ھېچبىر زامان خالىي ئەمەس.
ئۇز چىرايىنىڭ ئاشىقى بار، مۇز چىرايىنىڭ مەشۇقى،
بۇ جاھانغا كىم تۆرەلسە شۇ ھامان خالىي ئەمەس.

*                    *                    *

ئۆزلۇقىڭغا مەست بولۇپ، يارىم، ئۇنى ئامەت دېمە،
گۈلگە ئوخشاتقان بويۇڭنى، مەڭگۈلۈك قامەت دېمە.
بولمىسا خۇلق-مىجەزىڭدە قىزىل گۈلنىڭ ھىدى،
ئاي يۈزۈڭنى ھەر قاچان ئاشىق ئۈچۈن راھەت دېمە.
ئاڭلىساق، ئورماندا توزنىڭمۇ كۆنى چاغلىق ئىكەن،
ھۆسنى ئۇزنىڭ كۆنلىرى ئىشرەتتە ھەر سائەت دېمە.
ھەر كىشىنىڭ دىل ئەمەس، رۇخسارى-رەڭگىگە قاراپ،
ئايرىماق ياخشى-يامانىنى بىزدىكى ئادەت دېمە.
ئالمىلارمۇ قىپقىزىل، تاتلىق دېسەڭ ئاچچىق چىقۇر،
بارچە ئاشىقنى ئۆزۈڭگە مەھلىيا-ھاجەت دېمە.
بولمىساڭ ئىچ-باغرى نۇر، تەلەي سېنىڭدە نە قىلۇر،
ھۆسنى ھۆرلەرگە كىبىر بەرمەيدۇ جۇت-ئاپەت دېمە.

*                    *                    *



قانچە تەل يۈرسەڭمۇ، يار، ھەرگىز تىلەكسىز يۈرمىگىن،
تاغچە بولساڭمۇ ئۆزۈڭ، ھەرگىز يۆلەكسىز يۈرمىگىن.
گۈل بولۇپ ياكى پۇراق چاچ، ياكى كۆيدۈر چوغ بولۇپ،
بىر سۆيۈشكە ئەرزىمەس ئەسلا كېرەكسىز يۈرمىگىن.
ئامرىقىم، ياشاشقىمۇ ئالەمدە باتۇرلۇق كېرەك،
تاغدا يۈر،ئورماندا يۈر، ھەرگىز يۈرەكسىز يۈرمىگىن.
ئېگىلىپ يۈرمەك جىمىگە دەل سازاڭنىڭ خۇلقىدۇر،

قاچ شۇ ئىللەتتىن يىراق، ھەرگىز سۆيەكسىز يۇرمىگىن.

*　　　　*　　　　*

ھەر سەھەرگە بىر سالام ھەر تاڭدا بەر، دەيدۇ ئانام،
ۋەجى شۇ: ھەرتاڭنى قۇت، ھەر تاڭنى زەر، دەيدۇ ئانام.
ئەجرى بارلارنى ئۇلۇغلاپ سۆيگۈلۈك ھەر تاڭدا بىر،
تاڭ قۇياشى بولمىسا گۈللەمدۇ يەر؟ دەيدۇ ئانام.
كىمدە بولسا ئادىمىيلىك، شۇ قۇياشنىڭ نۇرىدۇر،
شۇ قەلب خۇددى قۇياش چىققان سەھەر، دەيدۇ ئانام.
ئانىلار سۆزىگە چىنپۇتمەي يەنە «ياق» دەمدىمەن،
ئەسلي تاڭدىن باشلىنىپ كەلگەن سەپەر، دەيدۇ ئانام.
تاڭ مەھەل كۆرگەن چۈشۈڭ ئەسلا يامانغا تارتمىغاي،
تاڭ مەھەل كۆرگەن چۈشۈڭ بىر خوش خەۋەر، دەيدۇ ئانام.
چۈنكى، تەنھا سەن ئەمەس، يورۇيدۇ ئاسمان بىپايان،
يېزا-قىشلاق، تاغ-دېڭىز، مىڭلاپ شەھەر، دەيدۇ ئانام.
ھەر سەھەردىن باشلىنار بىر خوپ تىلەكنىڭ ناخشىسى،
ھەر يۈرەكنىڭ كۈتكىنى ھەركۈن زەپەر، دەيدۇ ئانام.
ئوقۇغان بامدات نامازى شۇ تىلەكنىڭ شاھىدى،
شۇندىمۇ دۈشمەن يامان، ئەيلە ھەزەر، دەيدۇ ئانام.
تاڭ سەھەردەك سۈپسۈزۈك بولسۇن جىمى پەرزەنت دىلى،
بەختىگە ئەمما كېپىل ماڭلايدا تەر، دەيدۇ ئانام.
تاڭ سەھەرنىڭ تەسۋىرى بەلكىم خىزىر رۇخسارىدۇر،

ئىككىلەنمەي شۇ سەۋەب باغرىڭنى كەر، دەيدۇ ئانام.

*  *  *

سەن مېنى يارىم دېسەڭ، جەمئىي بىساتىمدىن كېچەي،
قول بېرىپ قۇتلاپ سېنى مالۇ ھىماتىمدىن كېچەي.
سەن نە بولمىقىم بەلكىم خۇدانىڭ تەقدىرى،
جەندە كىيسەم مەيلى دەپ، ئۇشبۇ سىياقىمدىن كېچەي.
بولمىسام كەپتەرچىلىك جۈپتى بىلەن بولمادۇ سەت،
بەلگىلەپ بەرگىن ئۆزۈڭ، يار، مەن يەنە كىمدىن كېچەي؟
ئەيلىسەم بارىمنى بەربات، بەرگىلى ئەرزىيدۇ جان،
سەن ئۈچۈن ئۈستۈمدە تون، ئاستىمدا ئاتىمدىن كېچەي.
تەركى قىلغانمەن ئەزەلدىن، بارچىنى ئىشقىڭ ئۈچۈن،
خالىساڭ ئاسقان قازان، ياققان چىراغىمدىن كېچەي.
ساڭا نەھاجەت بېھىش يەڭلىغ چىمەن ياكى ساراي،
گۈلنى كۆرسەم ئۈزگىلى سەۋدايى ئىشقىمدىن كېچەي.
ئۆز-ئۆزەمنى ئۆلتۈرەرنىڭ ئالدىدا «يارىم» دېدىڭ،
سەن دېمەڭ، يارىم دېسەڭ ئۇشبۇ غازاتىمدىن كېچەي.
سەن مېنى يارىم دېسەڭ جەمئىي بالاغا مەن تۇراي،
مەيلى بىر سۆيمەي تۇرۇپ، سەنچۈن بۇ باشىمدىن كېچەي.

*  *  *

بارچە ئالەم تەڭ كۈلەركى، كۈلسە ئۇيغۇر قىزلىرى،

ئايلىنۇر ھەر كىم بىھوشقا سۆيسە ئۇيغۇر قىزلىرى.
ئۆز-ئۆزىنى ماختىندى دەپ ماڭا ئىللەت ئارتمىغىن،
سەنمۇ ماختايسەن بىلەكىن تۇرسە ئۇيغۇر قىزلىرى،
ئەھلى ئەمگەكتىن تۆرەلگەن نان چىراي، بۇغداي چىراي،
ھۆر-پەرىگە ئوخشىتارسەن يۈرسە ئۇيغۇر قىزلىرى.
ئېگىلىپ تەزىم قىلۇر، كۆكسىدە ئىككى قولى،
مويسىپىتلارنى قەيەردە كۆرسە ئۇيغۇر قىزلىرى.
ئاق توقاچتەك يۈزلىرىدىن تاپمىغاي ھېچكىم قۇسۇر،
ئايغا ئايلانمامدۇ ئەگلىك سۈرسە ئۇيغۇر قىزلىرى؟!
ئىككى ئۆرۈم قاپقارا چاچى تەبىئىي قامچىدۇر،
گاھىدا تۇلپار ئېگەرلەپ مىنسە ئۇيغۇر قىزلىرى.
قايسى گۈلكى قايسى قىز؟ ئايرىشمۇ بەلكىم تەس كېلۇر،
باغۇ گۈلزارلىق ئارا گەر كىرسە ئۇيغۇر قىزلىرى.
گۈلگە ئوخشاتساڭ ئۇنى قاتقىن قىزىل گۈل قوۋمىگە،
كۆيىدۇ باغۋەنگە بەلكىم كۆيسە ئۇيغۇر قىزلىرى.

262

*　　　*　　　*

سەن، گۈلۈم، گۈلزارغا تەۋە ، مەن قورايلارغا بىراق ،
مەن شۇڭا گۈل ئاچمىدىم ، ئەكسىچە سەندە خۇش پۇراق.
سەندە بۇغداي بەھرى باردۇر ، كۆزدە مىلك خاماندا چەش،
كونا خامانلاردا ئۈنگەن ، ئەكسىچە ، مەن بىر قىياق .
تەس مېنىڭ تەگلەشمىكىم سەندەك تېگى بىر ياخشىغا ،

شۇڭا ، سەن ئاتلىق ئۇزاقتىن ، ئەمما مەن كەلدىم پىيادە.
ئۇز دېگەنلەر ئاز ئەمەستۇر ئىزنىمۇ كەينىگدىكى،
توي بولۇر ھەر كوچىدا سەن كېلىپ باسساڭ ئاياق.
مۇپتىلا بوپتۇ بالاغا قانچىلاپ ئاشىقلىرىڭ،
سەن تۆپەيلىك كۆنچىلەردىن قانچە رەت يەپتۇ تاياق .
مەن جىمىپ كەتتىم شۇڭا ، ناخشامۇ سۇسلاپ بىر مەھەل ،
ئالمىسام بولمايدىكەن دۇمبا يېگەنلەردىن ساۋاق .

* * *

يۈرمىگىن ، كۆڭلۈم ، يەنە سەن خامخىيالغا بېرىلىپ ،
لاي سامانلىق بولمىسا ، كەتمەمدۇ كۆندە يېرىلىپ ؟!
گاھ سەمرىسەڭ ، گاھ جۈدىسەن ، يەتتە كۈن ئوخشاش ئەمەس ،
يۈرمىگىن تۆت تەڭگە تاپساڭ خۇددى بەگدەك كېرىلىپ .
كۆنبويى ئاسماندا ئۇچقان قايدا بار قۇش زاتىمۇ ،
دۆڭگە چىقساڭ گاھىدا ، گاھ چۈشەرسەن سىيرىلىپ .
263 توڭلىمامسەن قىشتا جىسمىم ، توڭلىمامسەن قول ، پۇتۇم ،
چىقمىساڭ دۆڭگە ئوتۇن تەرمەك ئۈچۈنمۇ ئېرىنىپ ؟
ئۆز-ئۆزۈڭنى باقمىقىڭ ھاجەتقۇ ئۆز ئەجرىڭ بىلەن ،
چۈنكى ، سەن كۆكتات ئەمەس پەرۋىشكە ھاجەت تېرىلىپ

* * *

كەتتى ئۆمرۈمنىڭ تېگى يالغۇز ياتارمەن يارنى دەپ ،
كەچتى دۇنيادىن كۆڭۈل ۋەيرانىمەن دىدارنى دەپ .
بارمۇ يار دىۋانىسى ، مەندەك جاھان بىچارىسى ،
كەلدى بۇلبۇل ھەر باھاردا مەنزىلى گۈلزارنى دەپ .
ھەر كۆڭۈلنى بىر ھەۋەس باغلاپتۇ تۆت كۈن بولسىمۇ ،
ئاستى مىلتىق ئۆشنىسگە بىرلىرى شىكارنى دەپ .
بىرلىرى تورغايىنىمۇ قىلدى قەپەسكە مۇپتىلا ،
قۇردى قىلتاق ، سالدى تور ئاسماندىكى شۇڭقارنى دەپ .
كەچمىدى ئەسلا يۈرەك ، يايرىم ، باھارىڭدىن سېنىڭ ،
بىر مەھەل چۆرەمگە ياغقان ئانچىكى ئاق قارنى دەپ .
تەلمۈرۈپ ئاغزىڭغا مەن يۈرگەنلىرىمگە بولدى كۆپ ،
چىن يۈرەكىڭدىن ماڭا بەرگەن ئۆزۈڭ ئىزھارنى دەپ .
قىلمىسام يىغلاپ تۇرۇپ ئۆز دادۇ ئەرزىمنى ئۆزۈم ،
تۆت ئېغىز سۆزلەيدۇ كىملەر مەن كەبى بىر خارنى دەپ .
ئاقتى شۆلگەيلەر لېۋىمدىن ، يار ، ھۇزۇرۇڭدىن سېنىڭ ،
بىلمىدىم ، يۈردۈممۇ مەندىن سەن كەبى بىزارنى دەپ !؟ 264

* * *

ئەھلى چولپانلار كارامەت كۆرسىتەركەن سەھنىدە ،
تووۋا ، يۇلتۇزلارمۇ پەيت ، ئۆچرەت كۈتەركەن سەھنىدە .
توز بىلەن بۇلبۇل قاتارى قىستىلىپ قارغوجىمۇ ،
كەلسە —كەلمەس بىر نومۇر ئىجرا ئېتەركەن سەھنىدە .

مەرىكە- بايرام سەھنىسىنى كۆندە تىلك-تىگلاپ يۈرۈپ
كۆتمىگەن كىم بىرلىرى پەيدا بولاركەن سەھنىدە .
كەلدى ئىندەككە رېژىسسور پۈتكىنى شۇ سودىنىڭ ،
قولتىقىغا تۈلكىلەر سۇ پۈركىشەركەن سەھنىدە .
ئۇستىمۇ ، نا ئۇستىمۇ ، ئىلغاشقا كىمنىڭ قۇدرىتى ،
ھەر بىرى ئۆز ئالدىغا بىر تون پۈتەركەن سەھنىدە .
ناخشا دەپ ئېيتقانلىرىنى ئاڭلىماق تەستۇر چىداپ ،
بەزىلەر ئەتلەس ئەمەس ، ئەخلەت توكەركەن سەھنىدە .
ئاچمىسا كىندىكلىرىنى ئەسلا بولمايمىش ئۇسسۇل ،
شۇ يوسۇن ، بىزدىن ھايا ئاخىر ئۆچەركەن سەھنىدە .
يېگى شەيئىمىش تېخى غوۋغا قىلىپ دۇمباقلىرى ،
چايقىشىپ بەل ، ساغرىسىنى قايناپ كېتەركەن سەھنىدە .
كونا مال بوپقاپتۇ ئەمدى ئەسلى مىللەت سەنئىتى ،
مەيلىگە بەرسەڭ قويۇپ، لاي سۈركىشەركەن سەھنىدە .
قوينى قاسساپ سويمىسا ، بۇلغايدۇ قېرىن بارچىنى ،
ئەھلى سەنئەت بولمىسا ، جىنلار ئۆتەركەن سەھنىدە .



* * *

نە كېرەك كۆندە دىدارىڭ ، يار ، ئۇچۇرۇڭ بولسىلا ،
ئاي كەبى ئاسماندىكى تۈنلەرگە نۇرۇڭ بولسىلا .
ئاق توقاچ ، ئاق نان يېمەكىم ھېچقاچان شۇبھە ئەمەس ،
بىر كۈنى ياشلىقتىكى قىزىق تونۇرۇڭ بولسىلا .

باغقا كىرگەندەك كىرەرمەن سەن ئىشىك ئاچساڭ ئەگەر ،
قانچە باغقا بەرگۈسىز دەرگاھ-ھۇزۇرۇڭ بولسىلا .
يوق سېنى ئۇنتۇشقا ھەققىم ، مەن تىرىك ئىشقىم تىرىك ،
مەشۇقۇمسەن مەڭگۈلۈك ، شۇ بىر غۇرۇرۇڭ بولسىلا .
بار سېنىڭ ئىسسىق تېنىڭنى ئايلىنىپ يۈرگۈم تېخى ،
قانلىرىڭ بوپ ، گەر سوقۇپ تۇرغان تومۇرۇڭ بولسىلا .
ئەل كۆرۈپ ئالمىدۇ دەرس كۆرمەك نېسىپ بولغان كۈنى ،
سەھنىسىدە سۆيگۈنىڭ ئالماققا رولىڭ بولسىلا .
گاھ دىدار كۈندە ئېرۇر ، گاھ يىلدا ، قەرنەدە يەنە ،
ئەسقاتار بىر كۈنلىرى كىيمەككە تونۇڭ بولسىلا .

*　　　　*　　　　*

كۈندە كەلمەيدۇ سائادەت ، كۈندە كەلمەس مۈشكۈلات ،
مۈشكۈلاتنى ئايرىلار دەل كىم قەلەم ، ھەم كىم پولات ؟
چۈشكىنى يىغلاپ بوۋاقنىڭ يەرگە قىسمەتنىڭ بېشى ،
ئەلمىساقتىن ئەھلى ئىنسان قايدا بولغان كۈندە شاد ؟!
خاندىمۇ غەم-غۇسسە باردۇر ، بولسىمۇ تاجى سەۋەب ،
كۆپ رىيازەتكە گىرىپتار مەيلى بۆكەن ، مەيلى ئات .
بۇ تىرىكلىك ئىمتىھانى بارچە جان زاتىغا تەڭ ،
بەرگىلى شۇندىن ئۇچۇر تاغلار يارالغان قاتمۇ قات .
تاغنى تاغلار يۆلىگەندەك ، تالغا تاللار ھەمنەپەس ،
بۇ ئانا يەر ئەلمىساقتىن كۆرمىگەن ھېچكىمنى يات .

شۇ غەنىيمەتتۇر بۇرادەر ، قۇت ئەمەسمۇ شۇ يۇرەك ،
خالىمايدۇ ئەمما ئۇ مۇشكۇلدە سالساڭ «پەندىيات !»
كىم چىدامدىن تۇتسا قالقان ، كىم جاسارەتتىن قىلىچ ،
قايدا بارسا قۇت شۇنىڭدا ، كەيىننى قىلماس هايات .
جان رىيازەتسىز چىنىقماس ، تەن جاپانىڭ دوستى هەم ،
دەيدۇ ئالەم : مۇشكۇلاتىنىڭ تەكتىدەدۇر قەنت-ناۋات .

* * *

سەن مىنى بىچارە دىسەڭ ، مەن سىنى بىچارە دەپ ،
چۈش كۆرۈپمىشمەن بۇ ھىجران دەردىگە نە چارە ؟ دەپ .
سۆيگۈ قورقارمىش ئەزەلدە بىر جۇدالىقتىن پەقەت ،
ئەلمىساقتىن بۇ ۋىسالىنىڭ تەشۋىشى كۆپتۇر ئەجەپ !
ئويغىنىپ كەتسەم ، يىنىمدا، شۇكرىكىم، سەن بار يەنە ،
تاڭ سەھەردە سۆيگىنىم شۇڭلاشقا بولماس بىئەدەپ.
سۆيگۈ سەركەردە جاھانغا ، سۆيگۈسىز جان يوق تىرىك ،
ئەسلا يۇرمەڭلار ئۇنى ئاددىي ئۇقۇم-ئىبارە ، دەپ .
يۇرگىنىمگە بۇ ۋىسالدىن ئەنسىرەپ بولدى ئۇزاق ،
ماڭا قىلماڭلار نەسىھەت بولمىغىن ئاۋارە ، دەپ .
قەلىمىم يازدى شۇڭا هەق ئەھلىنىڭ قەلبى بىلەن ،
بولمىغاي يار تاپقىچە هەر بىر كۆڭۈل سەكپارە ، دەپ .
قۇت شۇنىڭدا ، ئوت شۇنىڭدا ، قۇترىيالماس قىش-ئاياز،
بارچە باغقا يەتكۈزۈڭ : سەنچۈن باھار ئاشكارا، دەپ .

يارنى ياتتىن ئەنسىرەشمۇ چىن ساداقەتنىڭ ئىشى ،
قويۇۋەتمەڭلار كۆڭۈلنى كۆكتىكى سەييارە ، دەپ .

*　　　　*　　　　*

تاغنى كۆرسەم ئۆرتىنەرمەن مەنمۇ تاغ بولغۇم كېلىپ ،
باغنى كۆرسەم كۆك چىمەنلەردە تۈنەپ قونغۇم كېلىپ .
ھەرە بولسام بارچە گۈلنىڭ شىرنىسى بولسا مېنىڭ ــ
دەپتىمەن گۈل زاتىنى ھەرجايدىن ئاختۇرغۇم كېلىپ .
بۇ مېنىڭ تەنتەك تىلىم كۆڭلۈمنى ئىزھار ئەيلىدى ،
كەچۈرۈڭ، يۈگۈرۈپتىمەن بۇلبۇلغا باش قويغۇم كېلىپ .
شۇ ھامان كەتتى خىيالىم ئات چېپىپ دەريا تامان ،
ناخشا ئېيتقان تۈنبويى بۇلبۇلغا سۇ سۇنغۇم كېلىپ .
ئارزۇلار سۈرەتكە چۈشتى بەسلىشىپ ئارمان بىلەن ،
نە ئىمىش كۆپكۆك بۇلاق ، جەننەتتە يۈز يۇيغۇم كېلىپ .
بار مېنىڭ بولغۇم گۈزەل ، يۈرگۈم گۈزەللەر قوۋمىدە ،
قويغىلى كۆكلەمدە كۆچەت بىر ئورەك ئويغۇم كېلىپ .
ئايلىنىپ مارجانغا مەيلى كەتكىنىم ئاندىن ئۇلۇغ ،
بارچە قىزلار بويىندىن چۈشمەي ئەبەد تۇرغۇم كېلىپ .
قالمىسام دەيمەن جىمى ئەھلى پاراغەت قوۋمىدىن ،
توينى كۆرسەم ئالدىرايمەن بىر توخۇ سويغۇم كېلىپ .
يوق مېنىڭ بولغۇم گاداي ، جۇلدۇر كىيپەندە يوق شەرەپ ،
ئويلىسام ھەسرەتتىمەن ، ئۆتمۈشكە ئاھ ئۇرغۇم كېلىپ .

بىر ئوغۇل ئەردىم ئەزەلدە ئارزۇلۇقتىن-ئارزۇلۇق،
ئارزۇسىزلارنى جاھاندىن يۇرىمەن يۇلغۇم كېلىپ .

*　　　*　　　*

مەن باھارنى سەندىكى تالدەك قىياپەتتىن كۆرەي ،
شاخلىرىڭنى ياپيېشىل ئەخلاق-دىيانەتتىن كۆرەي .
كەل يېقىن ، تاتلىق تىنىقلار ئىككىمىزگە يات ئەمەس ،
لەۋ قىيامى باشقىدۇر ، شۇنداق ھالاۋەتتىن كۆرەي .
باغقا ئوخشاپ تۇردى باغرىڭ ھەر باھار كەلمەي تۇرۇپ ،
مەيلى قىش-ياز بەھرى باغ مىسلى پاراغەتتىن كۆرەي .
بار سېنىڭ سايەڭدىمۇ گويا قىزىل گۈلنىڭ ھىدى ،
مەن باھارنى سەندىكى دائىم سائادەتتىن كۆرەي .
ساڭا باقتىم ئەڭ ئاۋۋال ، دوستلار باھار كەپتۇ !-دېسە ،
ئىزدىگەننى سەندىكى شۈكرى-قانائەتتىن كۆرەي .
ئىككى دۇنيالىق يۈرەكتە ماڭا ئىخلاسىڭ كېرەك ،
شۇ ھۇزۇرنى سەندىكى ناندەك ساداقەتتىن كۆرەي .

*　　　*　　　*

ئالتە كۈن ئايرىلغىنىمغا يارنى يۇردۇم سېغىنىپ ،
سېغىنىش قانداق رىيازەت ؟— مەنمۇ كۆردۈم سېغىنىپ .
شۇ سەۋەب يازغان خېتىڭ ئۇلغايتتى ئوتنى باشقىدىن ،
خەتلىرىڭنى كۈندە بىر كۆزۈمگە سۈردۈم سېغىنىپ .

سۆزلىسەم گاھ مەن ئىپكىز-پەس ، سورىسا ئەل ۋەجىنى ،
تەس ئىكەن ، يارنى ، دېمەك ، سەۋدايى بولدۇم سېغىنىپ .
بۇ ئۇزۇلمەس رىشتىدىن بولغايمۇ يا قول ئۈزگىلى،
مەيلى يىغلاپ قاقشىسام ھىجرىڭگە كۆندۈم سېغىنىپ.

*　　　　　　*　　　　　　*

كەپتىمىز ئاۋۋال ياشاپ ، ئاندىن ، بۇرادەر ئۆلگىلى ،
ئىقتىدار يوق ۋە لېكىن قانداق ياشاشنى بىلگىلى .
بولدى بىزگە بۇ ھەقىقەت بەلگىلىك ئەڭ ئاخىرى ،
بىر چىدام لازىم ئىكەن ئاۋۋال جاپاغا كۆنگىلى .
بىرلا پۈرسەتلىك جاھان بۇ ، ئۆزگىسى يالغان تامام ،
بىز ئەمەسمىز گۈل-گىياھ كۆكلەمدە قايتا ئۈنگىلى .
بۇ ھاياتنىڭ قەدرىنى بىلمەكمۇ ئاقىلنىڭ ئىشى ،
بىز يارالغانمىز ئاڭا ئاۋۋال شۇڭا گۈل تەرگىلى .
بۇ كۆڭۈل ھېكمەتلىرىگە شۇندىمۇ مىڭ ئاپىرىن ،
ئاپتۇ ئىنسان تەڭرىدىن ئىمكان ئىشىق بىلدۈرگىلى .
بىز تۇگۇل قۇشلارمۇ شۇ ھىجران، ۋىسال غوۋغاسىدا ،
چاڭگا تىزماقتىن نىشان ، ئەلۋەتتە ، ئەۋلاد كۆرگىلى .
ئەمگىكىڭ جور كەلمىسە ئەمما مۇھەببەتكە سېنىڭ ،
ئەرزىمەيسەن ، دەيدۇ دۇنيا ، كۆيگىلى ، سۆيدۈرگىلى .
تەقدىرىڭنى تەلتۆكۈس قىلماق قىيىن تەلەي بىلەن ،
بىللە تەر تۆكمەي تۇرۇپ ھەم سۆيگىلى ، سۆيدۈرگىلى .

*　　　*　　　*

مېنى مەست قىلغان مۇھەببەت سېنى ھەم ساق قويمىغاي ،
سېنى جۇپ قىلغان خۇدايىم مېنى ھەم تاق قويمىغاي .
سەن كەبى بىر گۈل تېرىلگەن يەرنى ھەركىم قۇتلىشار ،
بۇ يۇرەكىمگۇ مېنىڭ تەقدىردە ھەم ئاق قالمىغاي .
گەر نېسىپ بولساڭ ماڭا شۇئان تىلەكىم شۇ مېنىڭ :
ئارقىمىزدا دات كەبى بىزدىن يامان ئات قالمىغاي .
بېغىمىزدا بىر تىكەندىن بىر ئۆمۈر شۇملۇق كېلۇر ،
ئاچتىن ئۆلسە مەيلى دۈشمەن ، دوستلىرىم ئاچ قالمىغاي .
ئىككىمىز تىككەن كۆچەت ھەر ياز پىشسپ مەي باغلىسۇن ،
شاخلىرى بولسۇن سېخىي ئەل رىزقىغا قاق قالمىغاي .

*　　　*　　　*

يارنى سۆيمەكلىك ئۈچۈن ياردىن مۇھەببەت كۆتكۈلۈك ،
قانچە ئېزگۈ بولسىمۇ ، ھەر ئىشقا بىر پەيت كۆتكۈلۈك .
271 تەڭرى نۇسرەت بەرگىچە نە تاپتى ئىنسان ئالدىراپ ،
قانچە قەيسەر بولسىمۇ باتۇرمۇ نۇسرەت كۆتكۈلۈك .
يامغۇرىڭدىن ئايلىناي ، ئاسمان ، سېنىڭ دېھقان ئۈچۈن ،
بولسا مەيلى ھىممىتى ، تاغدىنمۇ شەپقەت كۆتكۈلۈك .
ئېيتقىنا ، تەر تۆكمىسەڭ تەلەي سېنىڭدە نە قىلۇر ،
مەيلى تەر بىر تۇزگە بۇغداي ، تەردە بەرىكەت كۆتكۈلۈك .
ھەر تائام پىشماق ئۈچۈن ۋاقتۇ قەرەل ئوخشاش ئەمەس ،

هەر بىرىگە شۇ سەۋەب ئايرىمچە مۆھلەت كۈتكۈلۈك .
ياخشىلارنىڭ ئالقىنىدا ياخشىلارنىڭ رىزقى بار ،
ياخشىلاردىن چاڭقىساڭ كەۋسەرۇ شەربەت كۈتكۈلۈك .
نائۈمىدلەرنى نادانلار قوۋمىگە قوشماق دۇرۇس ،
بىئەقىللەردىن جاھان شۆڭلاشقا ئەخلەت كۈتكۈلۈك .
سەبرە قىلساڭ كۆك غورىدىن ھالۋا پۈتكەي بىر كۈنى ،
گۈل ئېچىلغۇنچە شۇڭا ، بۇلبۇلمۇ پۇرسەت كۈتكۈلۈك .
ئالدىراپ ئۈزمەي ئۈمىد جۈپتى دېرەكسىزلەرمۇ ھەم ،
كەم دېگەندە ياردىن ئاخىرقى بىر خەت كۈتكۈلۈك .

*　　　*　　　*

ئالدىراپ دەردىڭنى ئېيتما، كۆڭلى خۇشنىڭ كارى يوق ،
ئەلمىساقتىن ھەق بىلەن ۋىجدانى سۇسنىڭ كارى يوق .
ياتقا ياتلار يىغلىغايمۇ ئۆز قاياشى بولمىسا ،
يەردە مىڭ گۈل سولسىمۇ ، ئاسماندا قۇشنىڭ كارى يوق .
ئۆلدى كىم ،مۇشتىلاشتى كىم ؟ ئەسلا ئىشىك ياپماس قاۋاق ،
پۇلغا ساتسا بولدى مەينى ، مەيپۇرۇشنىڭ كارى يوق .
كەلسىمۇ لەمشىپ قىيان يۇرتنى قىيامەت قىلغىلى ،
كۈنبويى پاتقاق يېگەچ ، ئۆردەك گومۇشنىڭ كارى يوق .
يول تاپالماي قانچە توشقان ئۆلدى ھەسرەت ئىلكىدە ،
قوينىدا يىغلايدۇ كىم ؟ پۈتكۈل قومۇشنىڭ كارى يوق .
نېمە كۈندە قالدى بۇغداي پىشقىچە بىنەمدىكى ،

ۋراقىرار «سۇ!» دەپ يەنە ، ئەمما گۈرۈچىنىڭ كارى يوق .
ئۆتتىغۇ شۇنداق زامانلار ھەر كىشى ئۆز غېمىدە ،
يا قېرىنداش ، يا تۇغقان ، يا تونۇشنىڭ كارى يوق .
نە خىيانەت ، نە ھارام ئەھلى ئەمەلدارلار ئارا ،
تاڭلا مەھشەرگە تامام ئىخلاسى بوشنىڭ كارى يوق .

* * *

ھەققە ئوق ئاتقان كىشىنىڭ ئۆزى كۆلدۈر ئاقىۋەت ،
ھەققە تون ياپقان كىشىنىڭ ئۆزى گۈلدۈر ئاقىۋەت .
تاجى بارلار تاغ ئەمەستۇر ، تاجى يوقلار قۇل ئەبەد ،
ئەلنى قۇل قىلغان كىشىنىڭ ئۆزى قۇلدۇر ئاقىۋەت .
ھەقنى كۆنلۈك ئەيلىگەنلەر دەۋرىدىن كۆرمەس تومۇز ،
ئىككىلەنمەي ماڭ ، گۈلۈم ، شۇ ئەسلىي يولدۇر ئاقىۋەت .
ھەقنى كۈيلەپ ناخشا ئېيتقان ھېچ كۆڭۈلدە خار ئەمەس ،
خۇشناۋا بۇلبۇل بىلەن ئاۋازى بىردۇر ئاقىۋەت .
كىم ھەقىقەت ئىشقىدا چەكسە رىيازەت بىر ئۆمۈر ، 273
روھى جەننەتكە ئۇنىڭ جەزمەن قوبۇلدۇر ئاقىۋەت .
ھەقنى تەگەپ سۆزلىگەننى تەكتى جېدەلخور دېمەڭ ،
قاقلىنارغا ئەھلى جان ئۇ خۇددى كۆندۈر ئاقىۋەت .

* * *

بىقارار قىلما مېنى مەيلىڭنى بەرگىڭ بولمىسا ،

مەن بىلەن بۇغداي تولگۇل تېرىقمۇ تەرگىلى بولمىسا .
نە ئېتەي پال ئاچقۇزۇپ ، ئىخلاس قارارىڭدىن سېنىڭ ،
مەن بىلەن مەنزىلدە بىر زەمبىل كۆتەرگىلى بولمىسا .
نە ئېتەيكى ، ئىككىمىز ئىككى چىرايلىق باغ تۇرۇپ ،
باغسا سۆيگۈ يامغۇرى ، ئەمما كۆكەرگىلى بولمىسا ؟!
مەندە تاقەت نېمە قىلسۇن كۆندە سايەڭدەك يۈرۈپ ،
ئاچ ھۇزۇرۇڭنى ، دېسەم ، باغرىڭنى كەرگىلى بولمىسا .
سەن تۆپەيلىك بۇ يۈرەككە نە زامان ئوت كەتكىلى ،
مەڭگۇ كۆيسۇن كۆيسە ئۇ ، مەيلى ئۆچۈرگىلى بولمىسا .
بۇ يۈرەك بىر سەن ئۈچۈن ھىجرانغا تۆرەلگەن ئەمەس ،
زورلىمايمەن مەن بىلەن ئەخلەت سۈپۈرگىلى بولمىسا .
ئەلمىساقتىن گۈل ئۇلاشتۇر بۇ مىراس-جۈپلۈك دېگەن ،
گۈللىمەيسەن بۇندىكى راھەتنى كۆرگىلى بولمىسا .
چىن ۋاپادار مەنچىلىك چىقمايدۇ بەلكىم ئىزدىسەڭ ،
مەيلى ئاشىق نە ئۆزى ؟ ئۆمرۈڭدە بىلگىلى بولمىسا .



*   *   *

بولمىسا ئەجرىڭ ، بىكار ئالەمچە غايەڭ بولسىمۇ ،
بىر ئۆمۈر غايەڭ ئۈچۈن قىلغان رىئايەڭ بولمىسا .
«سەندە تۇرماپتۇ بۇ دۆلەت، مەندە بۇ مەينەتمۇ ھەم»
ساختىنىش ھەقلىق ئەمەس ھەر كىمگە سايەڭ بولسىمۇ .
قالدى قۇت-ئابرويىدىن مىننەتنى مىنگەنلەر تامام ،

كىتاب تورىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى تورىكتى

داڭلىما كىملەرگىدۇر ھەر كۈن ئىئانەك بولسىمۇ .
ماڭمىساڭ ، مەنزىل سېنى ھەرگىز ئىزلەپ كەتمەس كېلىپ ،
يەتمىسەڭ ، ئارمانىدىسەن مەنزىل-نىشانەڭ بولسىمۇ .
سۇ مەدەتكار بولمىسا ، باغلاردا گۈلزار نە قىلۇر ،
يادقا ئالما ئالدىراپ ، مەشھۇر ئىبارەڭ بولسىمۇ .
تاڭلا بەش كۈندىن كېيىن ئەلدىنمۇ تەگكەي نەپ ساڭا ،
گەر بۈگۈن كەلگەندە جۈت ئەلگە ھىمايەڭ بولسىمۇ .
ئۈچكە چاققان چىشلىرىڭنىڭ تۆھپىسى ئۇنتۇلمىغاي ،
كارغا كەلمەسلەر ئۈچۈن قىلغان كىنايەڭ بولسىمۇ .
سۇنغىنى سۇنغان ، قولۇڭدىن چۈشسە يەرگە بىر كۈنى ،
بىلمىسەڭ ئاسراشنى بۇرچ، ئالتۇن پىيالەڭ بولسىمۇ .

*　　　　*　　　　*

سەن ئەجەب تەنھا يۈرۈپ قالدىڭ جاھانغا بىر كېلىپ ،
نە ھۇزۇر ئالغاي كىشى يالغۇز سەپەرگە ئاتلىنىپ ؟!
سەندە تالقان ، مەندە ئاق نان، شۇمۇ تەڭلىك بولدىمۇ ،
سەندە تەنھالىق مېنى قىلمامدۇ ئەلۋەتتە غېرىب ؟!
بۇ جاھاندا، ئېيتقىنا، ئايسىز كېچىگە كىم ھېرىس ،
ئاي ئەمەسمۇ يار دېگەن ، تۇرمامدۇ جانغا جان قېتىپ ؟
بىر چېچەك گۈل ئاچمىساڭ ، شاخىڭدا مېۋە نە قىلۇر ،
نە ھۇزۇر مۇنداق ياشاشتىن ، شۇ پېتى كەتسەڭ قېرىپ ؟
بارچە مەخلۇق جۈپ يارالدى ، سەن پەقەت تەنھا ئەجەب،

قانچە مۇزلار كەتتىغۇ تاغلاردىمۇ ھەتتا ئېرىپ !
رەنجىدىڭ كىمدىن ، قەيەردە ، ياكى ئىچتىڭمۇ قەسەم ،
سەنمۇ دېھقاندەك گويا بولمامدۇ ئۆتسەڭ يەر تېرىپ ؟
بۇ جاھاندا بارچىدىن تەس ، دەيدۇ ، تەنھانىڭ كۈنى ،
بولسا يارىڭ يۈرگىلى ئوبدان ئېرۇر قەددىڭ كېرىپ .
بىر جاۋاب ئالماي سىنىڭدىن بۇ دىلىم تاپماس ئارام ،
مەيلى بەرسەڭ بەر ماڭا ئاشۇ يۈرەكىڭنى يېرىپ .

*　　　*　　　*

دۇر يىغىپ ، دۇنيا يىغىپ ، سەنسىز ماڭا نە تارتقۇلۇق ،
بارچە دۇنيا راھىتىدىن مەن ئۈچۈن بىر سەن ئۇلۇغ .
تەلتۆكۈس سەۋدايى تۇرسام بىر سىنىڭ ئىشقىڭ بىلەن ،
بۇ قوشاقنى «يار-يار» دەپ، مەن تۇرۇپ كىم قاتقۇلۇق ؟
بۇ جېدەلدىن جان ئاياپ يۈرگەننى ئاشىق ئويلىماڭ ،
لايغەزەللەر ئەسلىدە قاتماي قوشاق ، جىم ياتقۇلۇق !
يارى يىللاپ كەلمىگەنلەر يىغلىماستىن ئەكسىچە ،
سايرىشىپ كاككۇك كەبى رىزقىغا ئۆرۈك قاققۇلۇق .
كەتسە كاككۇك ، قىش ئۆتۈپ كۆكلەمدە كەلمەمدۇ يەنە ،
يارى كەتكەنلەر يەنە نە دەپ خىيالغا پاتقۇلۇق ؟!
گاھ جۇدالىق ، گاھ ۋىسال سۆيگۈ-مۇھەببەت قىسقىسى ،
ئەسلىي ئاشىق ، يارى ئاقسا سۇدا بىللە ئاققۇلۇق !

*　　　*　　　*

بۇئالەم ئالتە كۈنلۈكتۇر، ئەجەب قەدرىگە يەتمەيمىز ،
ۋاپاسىزلىقنى تەن ئالماي، جاھاننى بىۋاپا دەيمىز .
ئۇرۇق-تۇغقان ،قېرىنداش-دوست ئۆتەر رەنجىش ئارا ،چۈنكى ،
قەدىردانلىقنى سۆزلەيمىز ، قەدىردانلارچە سۆيمەيمىز .
تالايلار ئاشىنا بولدۇق بىرىپ دىل نەپسى شەيتانغا ؛
كۆنگە خام خىياللاردىن تۈمەن خامانى چەشلەيمىز .
قازا يەتسە ھالاللىققا ، ھاراملىق ناخشا ئېيتامدۇ ،
ھالاللىق ئەھلىنى بەلكىم شۇڭا ھەر جايدا قەستلەيمىز .
گويا مېھمان ئېرۇر ئىنسان كېلەرىدىن كېتەرى تېز ،
ئەمەسمۇ ئۆزىمىز مېھمان ، نېچۈن مېھماننى بىلمەيمىز ؟
بوۋاق روھىغا ئاق سۈتنى مىسال قىلغان كىتاب كۆپتۇر ،
نېچۈن شۇ روھىي پاكلىقتىن زامان ئۆتكەنچە چەتنەيمىز ؟
خۇدايا ، ئايرىما بىزنى ئۆمۈرلۈك ئادىمىيلىكتىن،
پەقەت شۇ ئادىمىيلىكنىڭ سۈيى بەھرىدە كۆكلەيمىز !
غەنىيمەت بىلمىسەڭ تاڭنى تامام ھەر كۈندە غاپىل بىز ،
كۆڭۈللەر كەينىدىن قۇتراپ، شۇڭا باغلاردا كەچلەيمىز .
جاۋاھىر ئىزدىگەنلەرگە بۇ دۇنيادا رىيازەت كۆپ ،
نېچۈن بىز شۇ رىيازەتنى جاھان بەختىگە چەكمەيمىز ؟

*　　　*　　　*

جاھاندىن كەتكىچە ، دوستۇم ، يېنىڭدا ياخشىلار بولسۇن ،



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىڭگى ئادرېسى

ئىلاھىم ، ياخشى كۆنلەرمۇ يامانىدىن ساقلىنار بولسۇن .
يېنىڭدا ياخشىلار بولسا بولارسەن ئەھلى گۈلزارنىڭ ،
ساڭا شۇ ياخشىلار مەڭگۈ ئاسار بولساڭ تۇمار بولسۇن .
تېرىقچە بولسىمۇ گەر ھەق ، يېگەر تاغلارچە تۆھمەتنى ،
قۇياش ھەقتۇر ، بۇلۇت قايرىپ قۇياشقا قاقلىنار بولسۇن .
سېنى دەپ ياخشىلار غوۋغا كۆتۈرسە سوتىدا ھەقنىڭ ،
بېشىڭنى بارچە ھەق ئەھلى كېلىپ بىللە سىلار بولسۇن .
يامان ،يا ياخشىلىق مەيلى ،جىمى ئىش ياخشىدىن كەلگەي ،
تاياق كەلسە ھەقىقەتتىن ، شۇلار دەررە ئۇرار بولسۇن .
سېنى گەر ئىمتىھان قىلماق زۆرۈر بولسا ، يەنە ئاۋۋال ،
شۇئان ھەم ياخشىلار قوۋمى بېرىپ ئۆزى سىنار بولسۇن .
سېنى گەر ئەھلى قۇللارغا قوشۇپ خارلاش زۆرۈر بولسا ،
تامامۇ ياخشىلار ئۆزى كېلىپ ھەم قۇل قىلار بولسۇن .
گۈلۈڭ سولسا قاباھەتتە ، سېنىڭ قەلبىڭ بىلەن يىغلاپ ،
جىمىدىن ياخشىلار ئاۋۋال ئېلىپ سۇغا چىلار بولسۇن .
جاھاندا ياخشىلار بار جاي تۇيۇلدى بارچىگە جەننەت ،
شۇلارغا ھەر كۈنى قەلبىڭ دىدار ئىزدەپ خۇمار بولسۇن .
مۇبادا ياخشىلار بەرسە ساڭا ، داغ سۇمۇ زەمزەمدۇر ،
تىزمۇزدا ياخشىلار ئۆزى ساڭا قوغۇن تىلار بولسۇن .
خۇدانىڭ قۇدرىتى چەكسىز ، شۇ قۇدرەت ۋەجىدىن ئاندا ،
گىياھقا ئايلىنىپ كەتسەڭ قىزىل گۈللەر ئۈنەر بولسۇن .

*                    *                    *

پەزىلەت تۆرىدۇر ۋىجدان، قەلب قانۇنىدۇر ۋىجدان ،
جىمى خىسلەت ئۈچۈن سۇلتان، يەنە مەشھۇرىدۇر ۋىجدان.
ئادالەت بايرىقى چۈشمەس قولىدىن تەگرى بەرگەن ! دەپ ،
رەزىللىكنى ئاسار دارغا ھەقىقەت شاھىدۇر ۋىجدان .
ئەگەر ئۇ سەھنىگە چىقسا چۆمەر تەنتەنىگە دۇنيا ،
تۈمەنلەپ ئەۋلىيا ئىپتقان نىجاتلىق خورىدۇر ۋىجدان .
قۇياشتا داغ-خىرەلىك بار ، لېكىن ۋىجداندا بۇ ھال يوق ،
مۇقەددەسلىكتە تەڭداشسىز ھايات دەستۇرىدۇر ۋىجدان .
كىشى ۋىجداندىن ئايرىلسا، ئۇنىڭ رەسۋالىقى شولدۇر ،
جىمى ئىنسان ئۈچۈن چۈنكى، شەرەپ-شان يولىدۇر ۋىجدان.
ئۇنىڭدەك قايدا بايلىق بار ، ئۇنىڭدەك قايدا ئۇزلۇق ھەم ،
سېنىڭ روھىڭدىكى ، كۆڭلۈم، جىمىگە داھىيدۇر ۋىجدان .
ئاڭا پۇل يالۋۇرار ، ئەمما ، ئۇ ئەسلا پۇلغا كۆز سالماس ،
ئەگەر قەدرىنى بىلگەنگە خۇدانىڭ نۇرىدۇر ۋىجدان .
ئەمەس پۇل، ئەكسىچە ۋىجدان مېنى ھۆرمەتكە يەتكۈزگەن ،
تۈمەن شۈكرى ، بۇ ئۆمرۈمنىڭ تالاي مەزمۇنىدۇر ۋىجدان .



*                    *                    *

ئەسلىدىن ئۇز دەپ جاھاندا بارچە گۈللەردىن سېنى ،
كەلگىنىم راست ئۇز بىلىپ ھەم ناخشا-كۈيلەردىن سېنى .
تەڭ ئۆلۈپ كەتسەك مۇبادا ، بولسا گەر جەننەت نېسىپ ،

قىينىلارمەن ئايرىيالماي ، ئۇندا ھۆرلەردىن سىنى .
ئۇزلىقىلىك ئۇيغۇرلىقىڭدا، ئەقلۇ ئەخلاقىڭ خىزىر ،
تەرك ئېتىپ بولغايمۇ پىقىر بۇ كۆڭۈللەردىن سىنى .
سەندە پۇتتى يېزىلىپ ، ئىخلاس ، ساداقەت قامۇسى ،
ئايرىماق تەس تۇندە ئاي ، تاڭ ئاتسا كۈنلەردىن سىنى .
يارى يوقلار مەن كەبى دۇنيادا ئامەتلىك ئەمەس ،
ساقلىغايكى بىمەھەل تەگرىم ئۆلۈملەردىن سىنى .
ئۇزلىقى ئاشامدۇ ئالەمنىڭ سىنىڭ ھۆسنىڭ بىلەن ،
ئېيتسا، لوقمانغا ئىگەم بەرگەن ئۆمۈرلەردىن سىنى .

* * *

دالدىدا يۈرسەك، گۈلۈم، بىزنى جاھان كۆرمەيدىكەن ،
كۆرمىگەنلەر تەكتىمىزنى زەررىچە بىلمەيدىكەن .
بەرمىسە دىللار تونۇشلۇق ، سۆيمىسەك دۇنيانى بىز ،
يات كۆرۈپ دۇنيامۇ بىزنى ھېچقاچان سۆيمەيدىكەن .
قىل تەرەددۇت ، ئايلىنايلى ئەل كەبى بىزمۇ جاھان ،
بەنت-بۇرۇختۇملۇقتا ئەمدى بۇ كۆڭۈل كۆنمەيدىكەن .
قات قوشاقلار تارىخىڭنىڭ تەكتىنى تاتىلاپ تۇرۇپ ،
قۇمغا كۆمگەننى شامال ، ئەمما قوشاق كۆممەيدىكەن .
سەن مۇقاملار ئېيتمىساڭ بولمامدۇ ئەجدادىڭ ھالاك ،
كۈللى ئالەم ياخشىلارنىڭ نۇرىدا گۈللەيدىكەن .
بىللە چىقسۇن بىزگە سادىر ، نۇزۇگۇم ھەمراھ بولۇپ ،

كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئەلمىساقتىن ھېچ كىشى بىزدەك مۆكۈپ يۈرمەيدىكەن.

* * *

سەن كۆرۈنگەن كوچىلارغا بىر كىرىپ چىققۇم كېلۇر ،
ئۇندا كىم بار سەن بىلەن مۇڭداشقىدەك، ئۇققۇم كېلۇر .
سەن كۆرۈنگەن باغقا كىرمەك دەل بېھىشنىڭ راھىتى ،
سەن تۆپەيلىڭ مەنمۇ شۇ باغدىن ماكان تۇتقۇم كېلۇر .
بولغۇسى ئون كۈن ئاۋات سەن كۆرۈنگەن رەستىلەر ،
قوشۇلۇپ قۇش قوۋمىگە مەنمۇ شۇئان ئۇچقۇم كېلۇر .
مەن سېنى يارىم دېسەم ، چىنپۈتمىگەنلەرنى تامام ،
نەچچە رەت قول باغلىشىپ سۆيگۈڭ بىلەن ئۇتقۇم كېلۇر .
ئۇلغىيار كۆكلەم ھىدى چىققاندا سەن كۆك تەرگىلى ،
كەلسە كۆز ھۆسنىڭنى مەن ئالتۇنغا ئوخشاتقۇم كېلۇر .
قىلدى يۈز مىڭ تەرىپىڭنى ئەلمۇ ، مەن بىر قىلغىچە ،
بۇ غەزەلنى شۇڭا ، يار ، شۇ يەردە توختاتقۇم كېلۇر .
بولمىسا تۆت كۈن ئۇچۇرۇڭ ، كۆندۈزى ئۆي ئاختۇرۇپ ،
تۈنبويى ھەر بىر ئىشىكنى توختىماي قاققۇم كېلۇر .
كەلسە قىش سوغ چاچقىلى ئاۋۋال سېنىڭ قايغۇڭدا مەن ،
سەن ئۆتەر يوللارغا گۈلخان ھەر سەھەر ياققۇم كېلۇر .

* * *

كېلىمىز بىر يول بىلەن تەقدىرگە يۆلەپ بىر تىلەك ،

ئوخشىماس خۇي-پەيلىمىز ، ھەركىمدە تەدبىر بىر بۆلەك .
بىرىمىز ئوغرى، قاراقچى، رىزقىمىز بولدى ھارام ،
ھەرىلەر ئەمما ھەسەل يىغماقتىدۇر باغلاپ كۆنەك .
باللار بولدى چىكەرمەن يول تۇتۇپ ئۆلمەككە ھەم ،
دادىلار قوغۇن تېرىپ تارتماقتا مۇشكۇلدە چۆنەك .
پارىخورلار نەپسىگە كەتتى شەھەرلەر بەرىكىتى ،
ئۆزلىرىنى كۆمگىلى دەل ئۆزلىرى قازدى ئورەك .
بىرلىرى بولدى قىمارۋاز ، تىككىنى ئەلنىڭ پۇلى ،
شۇنچە قىلمىشتىنمۇ تويۋا، قورقمىغان قانداق يۈرەك .
قوينىدا خۇپپىيانە مىلتىق كۆنبويى قوي ئوۋلىشۇر ،
گەر يامانلىق قىلسا تۈلكە بولدى بۆرە بىر تىرەك .
«بەزىلەر»، دەپ بەردى تەبىر شۇنچە زور ئىشلارغىمۇ ،
چۈنكى ، بويىقاپتۇ گۇناھنى شۇ بىلەن ياپماق كېرەك .
قىر بېشىدىن شۇمبۇيا تاشلانمىسا تۆپتىن يۇلۇپ ،
ئادىمىيلىكتىن سىنىڭ تەرگەنلىرىڭ يايماس پىلەك .
كەمبەغەللىكنى خۇدادىن كۆرگىنىڭ تۆھمەت تامام ،
نەپسىمىز سۇرمەي تۇرۇپ بىخ ، ئەقلىمىز تۇتسۇن پورەك .
سەجدە قىلغان بىكاردۇر كۈندە تاڭدىن تۈنگىچە ،
گەر كېتىۋەرسەك شۇ يولدىن تەگرىمۇ بولماس يۆلەك .

* * *

قۇتقۇزار كىملەر كېلىپ ھىجران-پىغانلاردىن مېنى ،

يارنى دەپ بەرگەن بەدەل ، تارتقان زىيانلاردىن مېنى
گەر خۇدا يەتكۈزمىسە ، مۇنداق ئىشىقتىنمۇ كېچەي ،
ئەتمىسە ئازاد يەنە شېرىن خىياللاردىن مېنى .
ئاغرىماي چىقمامدۇ جان، تەقدىر يەنە يار لېۋىدىن ،
ئەيلىسە مەھرۇم ئەگەر ئىچكەن قىياملاردىن مېنى .
ئۆز-ئۆزۈمنى ئۆلتۈرەرمەن ، ئېھتىمال ئالغاي سۈزۈپ ،
ئەتىيازدا بەلكى ئەل ، كەلگەن قىيانلاردىن مېنى .
گاھ ئۆزۈمنى تىللىسام ، گاھ تىللىدىم تەقدىرنى مەن ،
نېرى قىلغايكى ئەقىل كۈرمىك سوئاللاردىن مېنى .
چۈشلىرىمگە چىنپۈتۈپ يۈرگەنلىرىمۇ ھەق مېنىڭ ،
چۈنكى ، تەگرىم قۇتقۇزار ئايرىپ تۇمانلاردىن مېنى .
نەق زۇلۇمغۇ بولسا ھىجران بارچە ئۆمرۈڭدىن ئۇزاق ،
ئۇندا كىم ئايرالىسۇن مۇدھىش تۇمانلاردىن مېنى .
چوققىلاردىن ئۆتمىسەم تاغ ئاشقىنىم بولماس مېنىڭ ،
ئۆتكۈزۈڭلار قاتمۇ قات قاپتال، داۋانلاردىن مېنى .
283 كۆز ئېچىپ چۆرەمگە باقسام بەختىيارلارمۇ تولا ،
ئايرىماڭلار ئۆلگىچە يولى راۋانلاردىن مېنى .
بىر ۋىسالغا يەتكىچە مىلڭ زارلىنىش ئەلۋەتتە ھەق ،
ئويلىماڭلار ئەكسىچە ھەرگىز نادانلاردىن مېنى .

* * *

كېلىمەن ، دەپ كەتتى يارىم ، كەلتۈرەرگە چارە يوق ،

بەرمىدى ياكى ئۇچۇر، يا زەررىچە ئىزھارى يوق .
سۇ چېچىپ يۈردۈم لېكىن مەن بۇ ئۈمىد گۈلزارىغا ،
قانچە تەلمۈرسەممۇ يارنىڭ ئايدا بىر دىدارى يوق .
شۇندىمۇ شەكلەنمىدىم ئەسلا ئىشەنگەچ لەۋزىدىن ،
چۈنكى، يارنىڭمۇ مېنىڭدىن ئۆزگە ئىزلەر يارى يوق .
ئاشنا ئىزلەپ ئۆزگىلەردىن مەن ھۇزۇر سۇرسەم ئۆلەي ،
ئىككى ئالەم ئىچرە بىزدەك بەختىيار بىر پارە يوق .
نە دېسەم شۇ بار ئىدى جىسمى-جامالىدا ئۇنىڭ ،
يەر يۈزىدە ھېچ گۈزەلنىڭ ئۇ كەبى رۇخسارى يوق .
بەلكى بىر پېشكەلگە دۇچ كەلدى ، شۇڭا كەتتى جىمىپ ،
بۇ ئىشقنى بىلمىگەنلەر يۈردى بەلكىم كارى يوق .
بۇ جاھان تۇرسا غەنىيمەت بىر كېلىپ كەتمەك ئۈچۈن ،
بۇ يۈرەك قانداق چىدايدۇ سۆيگىلى دىلدارى يوق .
بۇ مۇھەببەتنى دۇتارغا ئوخشىتىپ خۇرسەن ئىدىم ،
تەل ئەمەسكى ئەمدى ئۇ ، بىر تارى بار ، بىر تارى يوق .
بولمىدىم خالىي خاتادىن، يەنە ئازسام رەنجىمە ،
بارچىنى شەيتانغا ئارتىپ نەزمە يازسام رەنجىمە .
بىر ئىغىز سۆز ، بىر قەدەم يول بەزىدە چىللار قازا ،
گاھ مۇبادا ئۆز-ئۆزۈمگە قەبرە قازسام رەنجىمە .
ھۇشقىنتارمەن بىرلىرىگە ناشۇكۇر نەپسىم ىىلەن ،
قايىغان كىم بار جاھاندا ، مەنمۇ قايسام رەنجىمە .
ئالسا تەتۈرلىككە بەگۋاشلىق يەنە ياشلىقنىڭكى

سەن تۇرۇپ كىملەرگىدۇر تورزاقنى يايسام رەنجىمە
مېنىمۇ بەلكىم تىنچ قويمايدۇ شۇ پۇلنىڭ ئۇزلۇقى،
قۇترىسام ، پۇل نەدە بولسا ، شۇندا بارسام رەنجىمە .
پارىخورلۇقمۇ يۇقۇملۇق بىر كېسەل بوپقالدىغۇ ،
مەنمۇ تۇتسام بىر ئەمەل ، ھەم پارا ئالسام رەنجىمە .
چاچ قويۇپ گەجگەمگىچە بولسام گىتارنىڭ ئاشىقى ،
ئۆز مۇقامىمدىن-ئۆزۈمدىن بەلكى تانسام رەنجىمە .
سەللە ئورايمەن بېشىمغا گەر زۆرۈر بولسا يەنە ،
كونا يوللارنى ئۇلۇغلاپ مەنمۇ ماڭسام رەنجىمە .
ئولتۇرارمەن رەستىلەردە بەلكى پال-قۇر ئاچقىلى ،
كەچكىچە بەش-تۆتنى ئالداپ ئۆيگە يانسام رەنجىمە .
مەيلى بۇلغانسام ، نىگارىم ، خەقمۇ خوپ بۇلغاندىغۇ ،
بولسىمۇ مەيلى ھارام ، يانچۇققا سالسام رەنجىمە .
سودىگەر بولغۇممۇ باردۇر جانى جىنىڭ مال ، دەپ سېتىپ ،
دوستلىرىمدىن پايدا-نەپ كۆرگەندە چانسام رەنجىمە .
بارچىدا سەۋەن بولاركەن، مەندىمۇ نۇقسان تولا،
ئادىمىيلىكتە شۇڭا، كەينىدە قالسام رەنجىمە.

285

*　　　*　　　*

نەگە ماڭدىڭ ئۇيغۇرۇم، مەنزىل، قارارگاھىڭ قەيەر ،
ئېيتتىمۇ دانالىرىڭ، ئاخىر بارار جايىڭ قەيەر ؟
باقىي ئالەمگە سىنىڭ ماڭغانلىرىڭغۇ سىر ئەمەس ،

پانىي ئالەمدە بىرىپ توختارغا دەرگاھىڭ قەيەر ؟
ئويلىمايسەن غارقىراپ ئاسماندا ئۇچماقنى ئەجەب ،
«شۇكرى !» ئېيتىپ كەچكىچە ،بارماققا گۇلزارىڭ قەيەر ؟
ئالدىغا قويماي تۇرۇپ ئەجرۇ ئەمەلنى سەجدىنىڭ ،
ماڭا بىر كۆرسەتكىنە: قازماققا زەركانىڭ قەيەر ؟

*　　　*　　　*

دىلبىرىم كوچاڭ ئەجەب دائىم بالالارغا يېقىن ،
ئەتىمالىم شۇ سەۋەب ئاشىق قازالارغا يېقىن .
ئەلگە كەلگەننى ماڭا كەلمەيدۇ ، دەپ ئېيتماق خاتا ،
سەن تۆپەيلىڭ ھەرقاچان يۇردۇم جازالارغا يېقىن .
شۇ كەبى تەقدىر ئوقى بەلكىم يۇرەر ئىزدەپ مېنى ،
شۇڭا ، سالغان ئۆيلىرىم ، باقساڭ ، مازارلارغا يېقىن .
جاننى ئاسراپ كەچمىدىم جانان ۋىسالىدىن يەنە ،
يۇرمىدىم ئەسلا نومۇس ساتقان بازارلارغا يېقىن .
باغدا بۇلبۇل سايرىسا ، ۋەجى قىزىل گۈل ئىشقى ، دەڭ ،
چۈنكى ، ئاشىق ئەسلىدىن ئىشقى ناۋالارغا يېقىن .
يار تۇتۇپ قالدىم بالاغا ، دەردى بىماردىن بەتەر ،
كاشكى بولسامچۇ ، گۈلۈم ، دەردى داۋالارغا يېقىن .
قوغلىغانلار ئاز ئەمەس كىرسەم شۇ كوچاڭدىن مېنى ،
ئەمما ، بولغۇم يوق مېنىڭ كۆڭلى قارالارغا يېقىن .
دەردى بارلارنى ئۆزۈمدەك تاپقىنىم دۆلەت ماڭا ،

شۇڭا ، يۇردۇم بىر ئۆمۈر باغرى يارالارغا يېقىن .

*　　　　*　　　　*

«قاشنى قاشقا ئۇلىسا ، يېتەمدۇ قاشنىڭ بويىغا ؟
خۇدايىم سىلىپ قويۇپتۇ قاراقاشنىڭ كويىغا»
قاراقاشنىڭ ئوي-خىيالى يوقلىماس بولدى مېنى ،
چىللىسا ئۆلمەمدىمەن دۇشمەنلىرىمنى تويىغا ؟!
ئەل بىلۇر ئۇ بىلمىسە مۇلكۇمگە ئوت كەتكەن كەبى ،
ئاھ ئۇرۇپ يۇرگەنلىرىمنى بۆرە تەگسە قويىغا .
قانچە غوۋغالاردا بولدۇم ياقا يىرتىپ يار ئۇچۇن ،
گاھىدا دۇشمەنلىرى تەگكەندە بىر تال مويىغا .
يار رەسىدە بولغىچە نەلمۇرگىنىم ئازمۇ مېنىڭ ،
تەس ئىكەن ھۆر ئەھلىدە يەتمەكمۇ قىزلار بويىغا .
داغۇ ھەسرەت داردا جان بەرمىكىم جەزمەن مېنىڭ ،
ئايدا بىر رەت كەلمىسەم يارنىڭ خىيالۇ ئويىغا !
287 بۇجاھاندىن كەتكىچە مەن ئۇچۇن غەنىيمەت ھەر كۇنۇم ،
چۇنكى، بەردى بىر ئۆمۈر رىزقىمغا نېمەت ھەر كۇنۇم .
يار كەبى سۇرەتلىمەكمۇ تەسۇرىمدە تەس ئەمەس،
شاھ كەبى كەيمەككە تاج ، كۆرمەككە دۆلەت ھەر كۇنۇم .
ئىلكىدىن ئالغانلىرىمنى تەس تۆگەتمەكمۇ ساناپ،
راست ئەمەسمۇ بەرگىنى جىسمىمغا سۆلەت ھەر كۇنۇم .
قىرىغانچە قەدرىگە يەتكەنلىرىم مەخپىي ئەمەس ،

بەرگىنىنى ئويلىسام، قىلماپتۇ مىننەت ھەر كۈنۈم .
ئارتىمىدىم ئەسلا ئاڭا سەۋەنلىرىمنى ھېچقاچان ،
بولدى زىندانلاردىمۇ دەردىمگە ھەمدەرد ھەر كۈنۈم .
تاڭلىرى دېدۇ : ئامان بول ! تۈنلىرى : كۆر ياخشى چۈش !
بولسىمۇ تۆت كۈن تىرىك يۈرمەككە رىغبەت ھەر كۈنۈم .
بارچىگە چاچقان نۇرىدا مەنمۇ ئۆسكەن بىر دەرەخ ،
ئوينىسام-كۈلسەم ماڭا ئەلۋەتتە پۇرسەت ھەر كۈنۈم .
نە تېرىسام شۇنى ئالدىم بۇندا دېھقانچە ياشاپ ،
باغرى ھاتەمدەك سېخىي تۇپراقكى مۇنبەت ھەر كۈنۈم .
بىھېساب قىسمەتلىرىمگە ئۇ ئەمەس ، پەيلىم سەۋەب ،
تارىخىمدا بىگۇناھ شاھىتكى بىر بەت ھەر كۈنۈم .
تەگرى بەرگەن ناننى گاھ ئوگشاپ يېمەكمۇ بىر ھۈنەر ،
گاھى پارچە ، گاھ پۈتۈن ، ھەتتاكى شەربەت ھەر كۈنۈم .
بىتەلەي بولساممۇ قانچە ، مەن ئۈنىڭدىن رازىمەن ،
مىڭ شۈكۈر! بەرمەكتىدۇر ئۆمرۈمگە بەرىكەت ھەر كۈنۈم .



*　　　*　　　*

سەپكە تىزسا ئايرىماڭلار ئەسلا دېھقاندىن مېنى ،
چۈنكى ، دېھقان ئايرىماي كەلمەكتە ئاقناندىن مېنى .
ھەر باھار كەلسە ، ئېتىز گوياكى ساھىبخان ماڭا ،
قۇشلىرى ئەۋزەل كۆرەر ھەتتاكى مېھماندىن مېنى .
تارىخىمنى ئاختۇرۇپ كۆر شۇندا تەزكىرەم مېنىڭ ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

قىلدى رىزقىم بەھرىمان شۇ مىسلى ئىمكاندىن مېنى .
ئەھلى دېھقان بولغىنىمنىڭ شادلىقى شاھلارچىدۇر ،
ئايرىيالايدۇ كېلىپ كىم خۇددى بىر خاندىن مېنى ؟
ئەلمىساقتىن ھەق-ھالالنىڭ دوستىدۇر دېھقان دېگەن ،
كېلىدۇ ئەيلەپ ئاگاھ ئۇ بارچە شەيتاندىن مېنى .
چەشلىگەن خامانلىرىمدىن خۇش ئېرۇر خان خەزىنىسى ،
سورىساڭلار دەيدۇ: راست! خاماندا ھەر داندىن مېنى .
بۇردا ناننىڭ ھەققىگە بەرسەممۇ ھەق جاننى بەدەل ،
ئايرىماپتۇ ، شۇكرى ، تەقدىر شۇ شەرەپ-شاندىن مېنى .
ئايرىلالمايمەن ئۇنىڭدىن ، مىڭ ئۆلەي تانسام ئەگەر ،
ئايرىسا مەيلى خۇدا ھەق يولدا بۇ جاندىن مېنى .
بولسا نامرات ئۇ ئەگەر ، مەنمۇ گاداي بولمامدىمەن ،
ئايرىماڭلار ئاڭا ئەل بەرگەندە ئېھساندىن مېنى .
بولسا ئۇ باي ، مەنمۇ باي ، تەقدىر-پېشانەم بىللىدۇر ،
تەرك ئەتمەڭلار سېخىي بايلارچە ئېھساندىن مېنى .
يازغىلى نورۇزغا نەزمە مەندە ھازىردۇر قەلەم ،
چەتتە قويمايدۇ باھار نورۇزغا ئىلھامدىن مېنى .
ئايرىماڭلار زاغرا، تالقاندىن يەنە بولسا زۇرۇر ،
مەيلى مەھرۇم ئەيلىسەڭلار ئۆزگە ئىنئامدىن مېنى .

* * *

يارى ئۆلسە ھەر كىشىنىڭ يىغلىماقى ھەق ئىكەن ،

ياري كەتسە يۈز ئۆرۈپ ، ھەم تىللىماقى ھەق ئىكەن .
مەن كەبى غاپىلنى مەست قىلغاچقا غەپلەت ئۇيقۇسى ،
تاڭ خورازنىڭ سەھەردە چىللىماقى ھەق ئىكەن .
بىرگە بىر دۇنيا ئىكەن بۇ ، يازدا ئاز كۈن يايرىساق ،
قىش-زىمىستاندا جاھاننىڭ توڭلىماقى ھەق ئىكەن .
يازغا تەلپۈنگەن يۈرەكلەر قىش-قىرودا ئاز ئەمەس ،
شۇ سەۋەب قىشنى باھارنىڭ قوغلىماقى ھەق ئىكەن .
بىگۇناھنى ئۇۋ قىلارغا ئەگىسە ئاسماندا سا ،
ئۆزلىرىنى كەپتەر ، توخۇنىڭ قوغدىماقى ھەق ئىكەن .
قوي نادان بولغاچقا ، كەلگەي قولدىن نە ئىش ؟ شۇڭا —
تۈلكە كولدۇرلاتسمۇ كولدۇرلىماقى ھەق ئىكەن .
بىر-بىردىن ئۈز كۆرۈندى بۇ كۆڭۈلگە بارچە گۈل ،
بۇ كۆڭۈلنىڭمۇ دىمەككى ، خىللىماقى ھەق ئىكەن .
بارچىگە كۆندى كۆڭۈل ، يارسىزلىقىمغا كۆنمىدى ،
بۇ جاھاننىڭ يار بىلەن ھەم ئىللىماقى بار ئىكەن .



* * *

يوللىرىڭغا تەلمۈرۈپ كەچ بولدى يۈزمىڭلاپ سەھەر ،
تويغا تەمشەلدى كېلەرىڭنى بىلىپ يۈزمىڭ شەھەر .
ئايچە ھۆسنىڭنىڭ جەلپكار بولمىقى ئەلۋەتتە ھەق،
يوللىرىڭدا ، مەشۇقۇم ، باردۇر بىراق يۈزمىڭ خەتەر .
قورقىمەن ئالدىڭغا بارماقتىن شۇڭا تەنها ئۆزۈم ،

بارچىدىن مۇشكۈل كۆرۈندى ماڭا شۇڭلاشقا سەپەر،
شۇنچىمۇ شىرىن يارالغايمۇ كىشىگە جان دېگەن ،
بەزىدە بولدۇم مۇشۇك ئالدىدا چاشقاندىن بەتەر .
ئات ئېگەرلەشكە يۈرەكنىڭ دەردى بار دەرمانى يوق ،
بولمىغانلارغا چىداپ قويىنى ئاچقايمۇ زەپەر ؟
قانچە قارغاپ تىللىساڭ ، يار ، مەن ئۈچۈنمۇ شۇنچە ھەق ،
بۇ ئەلەمدىن ياخشىغۇ ئۆلمەككە ئىچمەكمۇ زەھەر .
تەستە كەلگەن شەنبە يەڭلىغ تەس ئۈچۈر كەلمەكمۇ ھەم،
چۈشلىرىمدە بەرمىسە تەڭرىم ئۆزى سەندىن خەۋەر .
قۇرۇسۇن ئاشىقلىقىم جانانغا جاندىن كەچمىگەن ،
شۇڭا، بولماپتۇ مېنىڭدە قىلچە جۈرئەتتىن ئەسەر .

*　　　　　　*　　　　　　*

ئۇشبۇ دۇنيادىن سېنى تاپقانلىقىممۇ تەلىيىم ،
سەن كېلەر يوللارغا سۇ چاچقانلىقىممۇ تەلىيىم .
ھەق ئېرۇر ئاشىق بېشىغا ھەر بالالار كەلمىكى ،
يەتكىچە دەردىڭنى مەن تارتقانلىقىممۇ تەلىيىم .
سەن كىرەر باغلارغا سۇ باشلايدۇ باغۋەنلەر ، دېسە ،
سەن ئۈچۈن ئۆستەڭ، ئېرىق چاپقانلىقىممۇ تەلىيىم .
تەستە مايىل بولسىمۇ مەيلىڭ ماڭا ، ئاغرىنمىدىم ،
شۈكرى ! دەپ بەلكىم قوشاق قاتقانلىقىممۇ تەلىيىم .
ياخشىلاردىن قايدا گەپ بولسا ئەگەر ، شۇئان مېنىڭ ،

ئەڭ ئاۋۋال سەندىن ئىبغىز ئاچقانلىقىممۇ تەلىيىم .
خىزمىتىڭگە يۈگۈرگەنلەر بىھىساب ھەر كوچىدا ،
سەن ئۈچۈن بىر تال ياغاق چاقالىقىممۇ تەلىيىم .
گەر كېلەرىڭدىن ئۇچۇر بولسا ، قاچان سەن كەلگىچە ،
مەن ئۆزۈم يالغۇز كۈتۈپ ياتقانلىقىممۇ تەلىيىم .
كۆككە چىقساق تەڭ ئۇچۇپ ، تاغلارنى ھاڭ-تاڭ قويغىلى ،
يەردە بولساق تەڭ قەدەم باسقانلىقىممۇ تەلىيىم .
بىر ئەزىزنىڭ ئىچكۆيەرى بولغىنىم دۆلەت ماڭا ،
بولدى ھەتتا مەن ساڭا ياققانلىقىممۇ تەلىيىم .
بىر نەزەر سالساڭ ماڭا ئاسمانغا يەتمەمدۇ بېشىم ،
ئۆز نىيسۆەم دەپ ساڭا باققانلىقىممۇ تەلىيىم .

* * *

چىنپۈتۈپ يۈرمە، كۆڭۈل ، ئاشناڭ ساڭا باقىي ئەمەس ،
ئاشنا شەيتان سۈرىتىدۇر ، ۋەجى بىردەملىك ھەۋەس .
قايمىقى يوق سۈت ساڭا ئۇ ، خەقتىن ئاشقان ياكى ئاش ،
قانچە تاتلىق بولسىمۇ ئەسلا ھالال رىزقىڭ ئەمەس .
ئاشنا ئەبجەق كەپە گويا تەكتىنى تەسۋىرلىسەك ،
تەۋرىسە يەر ، چىقسا بوران ئاندا ساق تۇرماقى تەس .
ئوغرىلىقتىن قىلچە پەرقى يوق ئۇنىڭ خىلۋەتتىكى ،
كىمكى قول سۇنسا ھارامغا ، ئاقىۋەت باسامدۇ نەس ؟
ئاشنا چىن ئاشىق ئەمەستۇر ، لەۋزىلەر يالغان تامام ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

چىن دىگەنلەرنىڭ ئۈنى كۆڭلى تومان ، كۆزى ئەلەس ،
ئۆز بىغىدا گۈل تۇرۇپ ، بويلاپ ماڭار ئەل بىغىنى ،
بىرلىرى ئاسىي ئۆيىگە، بىرلىرىنىڭ كۆڭلى پەس .
كەينىگە كىرسەڭ كۆڭۈلنىڭ مەنزىلىڭ ھەر جايدىدۇر ،
تۆت قەدەم مەيدەڭ سىنى ئاشناڭ ئەگەر قىلغاندا مەس .
ھارۋىدۇر تار يولدىكى ئاشناچىلىق-رەسۋاچىلىق،
بۇ ھاياسىزلار ئۈچۈن قىلمايلى گەپ ئارتۇقچە ، بەس !
دەز چىنە ئاشنا دىگەن ، ئۆ ياكى خەق كىيگەن ئاياغ،
ئىبتىقنىم ئاددىي ساۋات ، بولماڭ ئاڭا ھەيرانۇ ھەس .
يايغىنى يايغان چاۋاڭنى چىتقا ئاخىر بىر كۈنى ،
بولمىغىن ، كۆڭلۈم ، شۇڭا تا ئۆلگىچە ئاشناپەرەس .

* * *

كىمنى تەڭرىم شاھ ياراتتى، كىمنى تەقدىر قۇل يەنە ،
كىمگە باقىي كەمبەغەللىك ، كىمگە ئامراق پۇل يەنە .
293 ھەركىشى بەختى ئۈنىڭ ئەجرىدىن ئايرىلغان ئەمەس ،
ئەجرى يوقنىڭ قەدرى يوق، ھەم كىيگىنى جۇل-جۇل يەنە .
كىمنى تەڭرىم تاق ياراتتى كەتكىچە ھەمراھى يوق ،
بىلىسمۇ ئەھلى نادان تەقدىر بىلەن مەشغۇل يەنە .
بۇ جاھانغا كەلدى ھەر جان ، رىزقىغا ئۆزى كېپىل ،
يوق زىمىندا دانلىماستىن سايرىغان بۇلبۇل يەنە .
ياكى ئالتۇندەك ياشامسەن، يا قەلەي مىستىن بەتەر ،

سەن ئۆچۈن يوللار تۈمەنكى، لازىمى بىر يول يەنە .
ئۆلچىگەنلەر بارچىنى تەقدىر بىلەن بولدى خاراب ،
ئەجرىلىكلەرگە هايات ئەكسىچە ، ساز ، مەرغۇل يەنە .
باغقا كىرسەڭ ئوخشىماس هەر گۈل چىرايى ، ئۈزلۈكى ،
ئايرىلۇر چاچقان پۇراقىغا قاراپ هەر گۈل يەنە .
تاغ بىلەن باغ ئوخشىماس ھىممەتتىمۇ ، هۆرمەتتىمۇ ،
ئوڭ بىلەن سول دەپ ئاتالدى بىزدىمۇ هەر قول يەنە .
ياشلىقىڭ دەسمايە بولسا ، غەيرىتىڭ هەمدەم ئەبەد ،
سەن ئۆزۈپ چىققان چىغىڭدا تاڭ قالۇر دۈلدۈل يەنە .
«ئۆجمە پىش، ئاغزىمغا چۈش» نىڭ ئازئەمەس مەپتۇنلىرى،
بولدى باي ئۆز ئەجرىدە گاھ هەر يېتىم ، هەر تۇل يەنە .
هەر كىشى ئۆز تەقدىرىدىن يازمىسا ياخشى كىتاب ،
ئۇ دوزاختەك ئاقىۋەتكە بىر ئۆزى مەسئۇل يەنە .
قانچە چىنپۇتسەڭمۇ تەقدىرگە ، لېكىن دوستۇم ، شۇڭا ،
بارچە كەچمىشلەرگە سەن تەدبىر بىلەن تەق بول يەنە .



2001-يىل 4-ئاي ـــــ 2005-يىل 3-ئاي، غۇلجا

[General Information]
书名=岁月如歌　维吾尔文
SS号=40232649